

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATIO

4

1988



ئەيسا مۆمىن كۇچار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىقتىدارلىق باش كومپوزىتورى ھەم داڭلىق ناخشىچىسى. ئۇ 1963 - يىلى مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشكەندىن بۇيان بۇ ئۆمەك ئورۇندىغان «پەرھاد - شىرىن»، «ئۆرۈك گۈللىگەندە» ... قاتارلىق 15 تىن ئارتۇق ئوپېرا، دراممىلارنىڭ مۇزىكىسىنى ۋە كۆپلىگەن ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. ياش كومپوزىتورنىڭ بۇ ئىجادىي ئۈرنەكلىرى رادىئو ھەم تېلېۋىزوردا نامايەن قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ يۈكسەك قىزىقىشى ۋە ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان.

ئەيسا مۆمىن ئەشۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ناھىيە، ۋىلايەت ھەم ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار رەھبىرىي ئورۇنلار تەقدىم قىلغان كۆپلىگەن مۇكاپات ۋە تەقدىرنامىلەرنىڭ شەرەپلىك ئېرىشكۈچىسى، ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

37 - يىل نەشرى

1988 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 173 - سان)

# بۇ ساندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان ........ (ھېكايە) ........ زوردۇن سابىر 2

شېئىرلار ........ (شېئىر) ........ توختى سابىر 21

(» ») ئىمىن ئەخمىدى 22

(» ») ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 24

(» ») ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 26

## بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى ........ تۇرغۇن ئالماس 28

## ۋەتەندىن دۇنياغا

كۆز ئالدىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا ........ رەخىم قاسىم 34

## ئۆرپ - ئادەتلەر

ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ........ 52

تەپەككۇر ئۈنچىلىرى ........ ئەخەت ھاشىم 73

## ئەنبىيالار قىسسىسى

قۇرئاندا ئىسمى زىكرى قىلىنغان 28 پەيغەمبەر ........ 59

## سەھنە ماتېرىياللىرى

ئىككى تېكىست (ناخشا تېكىستى) ئىمىن تۇرسۇن 27

ئىككى تېكىست (» ») ساتتار توختى 27

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش ........ مەخمۇتجان ئىسلام 74


ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى 79

مۇقاۋىدا: سادىر پالۋان (ماي بوياق) ئىمىنجان سىزغان.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: تاجىك ئاياللىرى ئىمىن گايىت فوتوسى

بۇ ساندىكى بەت بېشى ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ، مۇختار ئابدۇراخمان ئىشلىگەن خەتتات: توختى ئېزىز

بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى، تېخ‍رېداكتورى ھەم مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى ساتتار توختى




(ھېكايە)

**زوردۇن سابىر**

1

بالتىق دېڭىزى بويىدىكى بۇ تۈپلىمىكلەر قىشۇ - ياز ياپيېشىل، يالتىراپ تۇرىدۇ. ئورمانلار ئەتىگەنلىكى تۇمان ئىچىدىن ئاستا - ئاستا باش چىقىرىپ، كۆز ئاچقاندا قۇياش ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۈك ئورمان، گۈل - گىياھلار ئارىسىدىكى چىدىرچىلاپ يېپىلغان ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەردىن ئىس ئورنىغا كۈلكە چىقىدۇ. شەرق ئۆيلىرىدەك تۈرخۇنلاردىن چىققان قويۇق ئىسلار ھورۇنلۇق بىلەن تىمتىق ئاسماندا ئارقىلىدىغان مەنزىرە بۇ يەردە تېپىلمايدۇ، ئۆيلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئاسفالت يوللارنىڭ چۆرىسىدىكى سېرىق خىش ياتقۇزۇلغان چىغىر يوللارمۇ كېچىچە بۇ شىمال ھاۋاسى تەرىپىدىن يۇيۇلغاچقا خۇددى يېڭى ئويغانغان بالىدەك كۈلۈپ، مەرمەردەك پارقىراپ، خۇشاللىق بىلەن قۇياشنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ يەردە نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز شاخلىرىدا ساڭگىلىشىپ تۇرۇشىدىغان سۈزۈك، سۇلۇق ئالما، نەشپۈتلەر، نەق شۇ چاغدا ئەمدىلا كۆك باش بولىدىغان كۆممىقوناقلار؛ مۇنبەت، قارىچىلان تۇپراقنىڭ ياپيېشىل ئوتلاقلىرىدا ھورۇنلۇق بىلەن مېڭىپ يۈرىدىغان يوغان يىلىنلىرى كاشلا بولۇپ ئاستا ماڭىدىغان سېمىز ئالا سىيىرلار، سېمىز مېرىنوس قويلىرى تۈكلىرى يالتىراق، ساغرىسى تولۇق ئاتلارمۇ بار.

قارىسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسىلا راھەت - پاراغەتتىن ھورۇنلاشقاندەك دۇنيانىڭ بىكارچىلىقىدىن زېرىكىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ...

لېكىن ئادەملەر بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئۆيلىرىدىن ئالدىراش چىقىشىدۇ - دە، كېچىچە ئىشىكلىرى ئالدىدا تۇرۇشقان ماشىنىلىرىنى ئالدىراپ ئوت ئالدۇرۇشۇپ تۈپ - تۈز ئاسفالت يوللار بىلەن بايىقى تىنچ، گۈزەل تەبىئەتكە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ نەلەرگىدۇر غۇيۇلداپ چېپىشىدۇ. بۇ 300 نەچچە ئۆيلۈك يېزىدا بۇ ئىش ھەر كۈنى تەكرارلىنىدۇ: بۇ يېزىنىڭ ھويلا ئىشىكلىرى تولىمۇ تېز قۇلۇپلىنىدۇ، ئادەملەر بىر - بىرلىرى بىلەن تولىمۇ تېز «گۇتىن تاك» دېگەن سۆزنى يېرىم - يارتا «گۇت» ياكى «تاك» بىلەن ئىپادىلەپ سالاملىشىدۇ. ماشىنىلار (يالغۇز ياكى ئىككى-ئۈچ ئادەم چۈشكەن ھەر خىل ماشىنىلار) خۇددى بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تېز چېپىشىدۇ.

بۇ 300 نەچچە ئۆيلۈك ئارىسىدىكى 40 نەچچە ئۆيلۈك دېھقانمۇ ئۆزلىرىنىڭ دېھقانغا لايىق چوڭ، ئازادە ھويلىلىرىدىن ھەر خىل چوڭ - كىچىك ماشىنا - تراكتور، ھەر خىل سايمانلىرىنى ھەيدىشىپ باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىراپ ئېتىزلىرىغا يۈگۈرۈشىدۇ. ئۇلارمۇ گويا بۇ يەردە ماكانلاشقان ئالىملار، دوخ-

تۇرلار، پروفېسسور، سودىگەرلەر ۋە ستۇدېنت - ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشقا تېز مېڭىشتا بەسلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ يەردە بۇ خىل ھايات ھەر كۈنى، ھەر يىلى، قىشۇ - ياز تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن بەزىدە تۇيۇقسىز ۋەقەلەرمۇ سادىر بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىكى قاچا گۈللەر مەنىلىك تىزىلىدۇ، ئادەملەر بىر - بىرىگە مەنىلىك سالام بېرىشىدۇ، ياكى باغاق سۇنۇشۇپ ئۆزئارا پىكىرلىشىدۇ ...

ياكوپ بۈگۈن بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئوخشايدۇ. ئۇ ھاياجانلانغان، روھلانغان ھالدا ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىتابخانىسىدىن ياغاچ پەلەمپەينى غاراسلىتىپ ئالدىراپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ بىرىنچى قەۋەتتىكى چوڭ ئۆينىڭ ئالا، يۇڭلۇق تونىسى گىلىمى ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان دۈگىلەك ئۈستەلگە گۈل، شام، بولكا، سېرىق ياغ - ئىرىمچىك ۋارېنا، قەھۋە - سۇتلەرنى تۇشۇپ تىزىپ كۆڭۈللۈك ناشتىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئايالىنى مەقسەتسىزلا چاقىردى:

— ئەللۇ، خەيدى!

— ياخشىمۇ سىز ياكوپ، باغاقلار تەييار بولدىمۇ؟

— 110 ۋاراق باغاق ماشىنكىدا ئۇرۇلدى، 70 ۋارىقىنى سىز تارقىتىسىز، قالغىنى ماڭا بىر كۈنلۈك ئىش.

— سىز قاچانلا بولسا ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىپ يۈرۈسىز، — دېدى خەيدى قىسقا يەڭلىك كۆڭلەكتە ساغلاملىقى تېخىمۇ نامايان بولۇپ تۇرغان بىلەكلىرىنى ساقاللىق ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — ئىشسىز بولۇپ قالغىنىڭىزغا بىر ئاي بولاي دېدى، لېكىن بىر ئاي ئىچىدە بىر نەچچە ئايلىق ئىشنى تاماملىدى-ڭىز؟ ئېيتىڭا بۇ ئىشىڭىزدىن سىزگە پايدا تېگەرمۇ؟

— نېمە «سىزگە» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇمۇ بىر كۆرەش، نەچچە 1000 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پۇلدارلار بىلەن يوقسۇللار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ داۋامى. پۇلدارلار ھامان بۇزىدۇ، يوقسۇللار تۈزەيدۇ. ئاندىر ياستەك كارخانىچىلارغا يەركەمۇ؟ بىزنىڭ يېزىمىزغا زاۋۇت قۇرۇپ ھاۋانى، سۇنى بۇلغاپ، دەرەخلەرنى قۇرۇتۇپ يېزىنىڭ ئىسكەتىنى بۇزمىسا باشقا يەردىن يەر تېپىلمايتتىمۇ؟ شۇمۇ گەپمۇ؟ «دېھقان 23 گېكتار يېرىنى ئىختىيارى بىلەن ساتتى، مەن بۇ يەرگە دېھقانچىلىق قىلالمىدىم، زاۋۇت قۇرامىدىم، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى» دېگۈدەك تېخى. بىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا ۋەھىمە سېلىش ئۇنىڭ ئۆز ئىشىمىكەن؟

— باغاقتا بۇ دېگەنلىرىڭىز يېزىلغان دۇر ھە؟

— ئالقاندەك باغاقتا بۇنچە سۆز سىغاتتىمۇ: ئاڭلاپ بېقىڭ، باغاقتا: «ئاندىرياس خىمىيەۋى بىرىكمىلەر قوللىنىلىدىغان بىر زاۋۇت قۇرماقچى. ئۇ پۈتۈن يېزىنىڭ توك پۇلىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ۋەدە قىلدى. مەن ياكوپنى 3400 مارك مائاش بېرىپ مانىتېيورلۇققا قوبۇل قىلماقچى. بارلىق ئىشسىزلارغا ئىش بەرمەكچى. مەن بۇنداق زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى، ئاندىر ياسىنى قوللىغۇچىلار دېرىزىلىرىگە بىردانە ئاق ئەترە گۈل قويۇپ ئىپادە بىلدۈرسۇن. ياكوپنى قوللايدىغانلار ئىككى قىزىل، بىر سېرىق ئەترە گۈل قاچىسىنى دېرىزىلىرىگە قويۇپ ئىپادە بىلدۈرسۇن؟! كارخانىچىغا قارشى چىققۇچىلار مېنىڭ دوستۇم، ياكوپ!» مانا مۇشۇنچىلىكلا سۆز يېزىلدى؟ ئۇ ئايالىنى مۈرىسىدىن قۇ-

چاغلاپ ئۈستەل يېنىغا ناشتىغا ئېلىپ كەلدى.

مانا مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ياكۇپ، ھەيدى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ناشتىغا ئولتۇردى. ئۇلار باشقىلاردەك ئالدىراش ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ باغچا - يەسلىگە يولغا سالىدىغان باللىرى يوق. باللىرى بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ئاستى - ئۈستى بەش ئېغىز ئازادە ئۆيى رەتلىك - پاكىزە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياكۇپ ھازىر ئىشسىز. ھەيدى بولسا بىرسىنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلىشىپ بېرىپ ھەر كۈنلۈكى ئەتىگەن سائەت ئوندىن كەچ سائەت تۆتكىچە قىلغان ئۆي ئىشى ئۈچۈن ئېيىغا 500 مارك ھەق ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا ماشىنىسى بىلەن يېزا ئارىلاپ يۈرۈپ «سەييارە ساتراچلىق» قىلىدۇ. ياكۇپ خوجايىنىنىڭ چىشىغا تېگىپ زاۋۇتتىن بوشىتىلمىغان بولسا ھەيدىنىڭ ساتراچلىق قىلىشى ناتايىنىدى. بۇدرە، قىسقا چاچ، كۆك كۆز، لەۋلىرى تولىمۇ ئوماق چوكان ئۈچۈن ساتراچلىق قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك كەسىپ ئەمەس، لېكىن ئېرى ئىشسىز، ئۆزى ئارانلا 11 يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەككىز يىللىقىنى تۈگەتەلىگەن چوكانلار ئۈچۈن گېرمانىيىدە ساتراچلىقمۇ مۇۋاپىق، دېمەك: ھەيدى مۇشۇ ئىككى خىل ئىش بىلەن ئۆيىنى باقمىسا ياكۇپ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنى قوغداش ئۈچۈن ئىشەنچلىك كۈرەش قىلغىلى كوچىغا چىقالمىغان بولاتتى - دە!

ھەيدى ئاغزىنى سالتىپكا بىلەن سۈرتۈپ ياكۇپقا قارىدى. ياكۇپ - غىجىم، بۇمبا ساقال، قوش بۇرۇت، كۆك كۆز يىگىت سېرىق ياغ سۈگالغان قارا بولكىنى سېغىز چايىنىغاندەك كۆشەپ تۇرۇپ:

— ئۆلگۈرىسىز، باغاقلارنى يوداس، مار-

كوسلارنىڭ ئۆيلىرىگە 20 دىن تاشلىلا، ئۇن دانىسىنى ئۆزىڭىز تارقىتىڭ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار. يولىڭىزغا قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.

ھەيدى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى - دە، ماشىنىسىنى دەرھال ئوت ئالدۇردى. ئۇ ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ياكۇپنىڭ مەيۈس چىرايىغا قايرىلىپ قارىدى. ئۇ ئېرىنى چەكسىز ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بولغان نارازىلىقىنى يۈز تۇرانە ئېيتمايتتى، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ يىرق يەردىن تېپىۋالغان بۇ ئىشىغا قاتتىق نارازى ئىدى. باشقىلار زاۋۇت قۇرامدۇ، دەرەخلەر قۇرۇپ، بېلىقلار ئۆلەمدۇ، بۇنىڭ ياكۇپ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇنىڭسىزمۇ ياكۇپ ئۆزىنىڭ ئىشسىزلىقى، زاۋۇت خوجايىنىنىڭ ياكۇپنى زاۋۇتقا سىلىسارلىققا قوبۇل قىلغان ۋاقتىدىكى توختامىغا ئەمەل قىلماستىن ياكۇپنى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇرلىشى ئۇلار ئۈچۈن يەتكۈدەك كۆڭۈل ئاغرىقى ئىدىغۇ؟ زاۋۇت خوجايىنى ياكۇپنى ئىشقا ئېلىشتا «قاچان ئىشتىن بوشىتىلساڭ 10 مىڭ مارك نەپىقە پۇلى بېرىمەن» دېگەن سۆزنى توختامغا ئۆزى يازغان. بىر ئاي ئىلگىرى ياكۇپنى ئۇ ئۆزى ئىشتىن بوشاتتىم دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. توختام بويىچە 10 مىڭ مارك تۆلىشى لازىم ئىدى - دە؟ ئۇنىڭ تاپقان گېپىنى قارىمامدىغان، ياكۇپ ھاراقكەش ئىمىش، ئىشقا ھاراق ئىچىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىلغانىمىش. 10 مىڭ مارك بەرسە ياكۇپنىڭ ئىش تارىخىي ئارخىپىغا «ھاراقكەش» دېگەن سۆزنى يازارمىش، ناۋادا بۇ سۆزنى يېزىشقا ياكۇپ قوشۇلمىسا 10 مىڭ مارك بېرىلمەسمىش. بۇ قانداق يولسىزلىق، بۇ پېشكەلچىلىك ئازلىق

قىلغانىدەك ياكوپنىڭ يوقىلاڭ ئىشلارغا باشلامچى بولۇۋالغىنى نېمىسى؟ ئەگەر ھەيدى مۇھەببەتنى دېمىسە، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى دېمىسە ئۆز نارازىلىقىنى ئېيتاتتى-دە، مۇنۇ ھازىرقى كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ھازىرچۇ؟ مۇشۇ پەرىشانلىقى بىلەن ماشىنا ۋەقەسى تۇغدۇرۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

ھەيدى چوڭ يولغا ئەگىپ ماشىنىسىنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ھەيدىدى. سۈرئەت كۆرسەتكۈچ ئىستىرېلكىسى 140نى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ ئۇ يەنە خوت يۆتكىدى. ماشىنا سۈرئىتى 180 كىلومېتىرغا چىقتى. تېز سۈرئەتلىك يوللاردىن باشقا يوللاردا بۇنداق سۈرئەت بىلەن مېڭىش چەكلەنگەن، ھەيدى بۇنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ نېمىشقا قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى - نېمىگە ئالدىرايدىغانلىقىنىمۇ ئۆزى ھەيران، ئۇ ئىش ئورنى- ماركوسلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ماشىنا ئىسكىلاتى ئالدىغا كەلگەندىلا ماشىنىسىنى كۈندە توختىتىدىغان ئورۇنغا توختىتىپ قويۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

— پاھ، سارائگىلىقىمنى، نېمانچە تېز ھەيدىدىم؟ ياكوپ نېمە قىلسا مەيلى ئەمەسمىدى، باشقىلار ئۈچۈن نېمىگە سەكپارە بولىمەن ھە؟— دېدى.

— ئەللۇ! ھەيدى-بالكوندا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ماركوسنى كۆرۈپ دەرھال ھېچنەرسە بولمىغاندەك كۈلۈپ ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈردى.

— ئەللۇ ھەيدى، - دېرىزىگە قاراپ بېقىڭ!

ھەيدى ئاۋۋال ساقاللىق ماركوسنىڭ تىنىق كۆك كۆزلىرىدىكى خۇشاللىققا، ئاندىن كېيىن دېرىزىگە قارىدى. ئۇ يەردە ئىككى قىزىل، بىر سېرىق ئېچىلغان ئەترە گۈللەر تېزدىقلىق تۇراتتى.

— ۋەرە قېنى ئوقىماي تۇرۇپلا قوللاپسىز-دە، ماركوس.

— بىز ھەممىمىز ئەيسانىڭ مالايىكلىرى تۇرساق ① بىر - بىرىمىزنى قوللىمىساق بولاتتىمۇ ئەمەسمە؟— دەپ چاقچاق قىلدى - ماركوس چوقچىسى تاقىر، چۆرىسى بۇدۇر چاچلىق بېشىنى سىلاپ، - «بىبىل»دا خائىن دېگەن تامغىسى بار يۇداس چېھىدا بىزنى قوللىماقتا، مەن قوللىماي چەتتە تۇراتتىممۇ؟

ھەيدى مۇشۇ چاقچاقچى ئادەمنىڭ ئائىلە ئىشىنى قىلىدۇ. ماركوس ھازىر ئىشسىز، دېيەرلىك تاتسە يېزىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېيىغا 1200 مارك ئىشسىزلىق مائاش ئالىدۇ. ئۇ ئايالى بېتاك خانىمنىڭ 3500 مارك ئايلىقىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دائىملا خۇشال، دائىملا ئالدىراش، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن ئادەم گىلەملەر، ئۈستەللەر، كارىۋاتلارغا چېچىلىپ ياتقان كىتابلار دەستىسىدىن تاپان قويغىدەك يەر تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرگۈچى ئۇنى دائىملار ماشىنكا بىلەن خەت ئۇرۇۋاتقان، ياكى يازغانلىرىنى ھېلىقى ئېلېكترلىك ماشىنىسى بىلەن يېشىل ئېكرانغا چۈشۈرۈپ ئۆزگەرتىپ ئولتۇرغان ھالدا كۆرىدۇ. ھەيدى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇنىڭغا قەھۋە ئەكىرگەندە ئۇ دائىم ھەيدىنىڭ كىرگىنىنى تۇيمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېتاك خانىمنىڭ نارازىلىقىچۇ تېخى؟ «پۇل بولمايدىغان ئىشلارغا ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ قېرىپ كېتىۋاتىدۇ بۇ ئادەم» دەيدۇ. سېرىق چاچلىق، يوغان كۆز خانىم خاپا بولۇپ،— ئېيتىڭا ھەيدى، نېمىشقا ئەرگە تېگىمىز زادى؟ بۇ ئىشسىزلارنى بېقىش ئۈچۈنمۇ؟ جاپاسىنى تارتىش ئۈچۈنمۇ؟»

---

① ئەيسانىڭ 12 مالايىكىنىڭ ئىچىدە ماركوس، ياكوپ، يۇداسلار دېگەن ئىسىملار بار.

(2) بىبل - «ئىنجىل» توغرىسىدىكى كىتاب

ھەيدى ماركوسنىڭ يېنىغا كىردى- دە، كۈلۈپ قويۇپ باغاقلارنى ئۇنىڭغا بەردى.

— بېناك خانىم سىزنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىڭىزغا نارازى بولماسمۇ؟— دېدى ھەيدى چېچىلىپ ياتقان بالىلار قوچاقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، تېلېفوندا بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ماركوسقا قاراپ قويۇپ،— كارخانىچى زاۋۇت قۇرىدىغان گەپ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟

— گېرمانىيە بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىسا كىمنىڭ كارى بولىدۇ ھەيدى؟ گېرمانىيىنىڭ شان - شۆھرىتىنى نامايان قىلىدىغان كۈتى قايتا تىزىلمەيدۇ. پانكىلار① دىياشىسۇن فاشىزم! ... دەپ شوئار توۋلاشنى بىلگىنى بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. دۆلەتنى ئاسراش، مىللىي غورۇر، مۇھىت تازىلىقى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، ئىنسان ھوقۇقى، ئىزىلگەن دۆلەتلەر، ئاجىز مىللەتلەرگە ياردەم قىلىش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىز گېرمانىيە زىيالىيلىرىنىڭ زىممىسىدە، ۋاھالەنكى ھەيدى ھازىر بۇ ئەمگەكچى قاتلامنىڭ ئون پىرسەنتى، يەنى 2 مىليون 500 مىڭ ئادەم ئىشسىز، بىز مۇشۇنىڭ ئىچىدە. لېكىن بىز ئىشسىزلىققا قارشى كۆرەشتىن، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا قارشى كۆرەشنى مۇھىم بىلىمىز. نېمىشقا دەمسىز؟ ئالدىنقىسى بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈن كېيىنكىسى گېرمانىيىنىڭ، ياق، پۈتۈن ياۋروپانىڭ پايدىسى ئۈچۈن!

— دېمەك بېناك خانىم سىزنى قوللايدىكەن- دە؟

— كەچتە ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ،— دېدى ماركوس،— بەلكى ئۇ ماڭا قارىغاندا يېڭىراق بىر نېمىلەرنى بىلەر. ئۇ دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ مۇئەللىمى- دە!

ئوغلىمىز چېغىدا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە.

ئۇ نېمىلەرنى دەيدۇ دېمەمسىز تېخى؛ ھەر كۈنى ئىنسانىيەت 350 مىڭ گېكتار يەرنىڭ دەرەخنى يوقاتقىدەك، ھەر كۈنى بىر خىل ئۆسۈملۈك تۈرىنىڭ توخۇمىنى قۇرۇتقىدەك. ئۇ نېمە دېگەن ۋەھشىلىك! تەبىئەتنى سۆيمىگەنلىك ئىنسانىيەت ئۈچۈن پاجىئە، بۇ دېگەنلىك ئۆز - ئۆزىنى سۆيمىگەنلىك دېگەن سۆز. بىز ئۇ نادانلىققا قارشى تۇرايلى! مانا بۇ ئوغلىمىزنىڭ ئەينەن سۆزى. بىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈن ئالغۇغا ئېلىۋالدۇق.

— ماركوس ئەپەندى،— دېدى ھەيدى ئىش ئۈستىلىگە مۈكچىيىۋېلىپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان خوجايىنىغا تىك قادىلىپ - چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويدۇم. ئۆي ئىشىمۇ تۈگىدى. ماڭا ئىككى سائەتلىك رۇخسەت بەرسىڭىزكەن، مەن ياكۇپنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ئورۇندىمسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ياخشى ھەيدى، يوداسىنىڭكىگە ۋەرەقە ئاپىرامسىز؟ ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ ئاخشاملىققا ياكۇپ، ئىككىمىز پىۋا ئىچكىلى بارىمىز، تاماقمۇ تەييارلىسۇن.

2

يوداس تىرىشقاقلىقى ئۈچۈن ۋاقىتسىز قېرىشقا باشلىغان ئادەم، ئۇنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان بۆدرە ساقىلى ئۈستى تاقىر، چەت - چۆرىسى غىجىم چاچلىق بېشىدىكى زىننەت بۇيۇمى، ئۇنىڭ مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى ئۇزۇن، سېرىق قاشلىرى ئارىسىدا نۇرلىنىپ، قويۇق ساقال - بۇرۇت ئارىسىدىكى قىپقىزىل لەۋلىرى دائىم ھىم يۇمۇغلۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەل مۈكچەيگەن، ئۇزۇن گەۋدىسى بىر سوتكىنىڭ 14-، 15 سائىتىنى تىنىمسىز ھەرىكەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىككى گېكتار يېرىدىكىمۇ، قوي - كالا، ئۆچ-

① پانكىلار— غەلىتە كىيىپ يۈرىدىغان، فاشىزمنى تەرغىپ قىلىدىغان ياشلار

كىلىرى ئوتلايدىغان سىم بىلەن قاشالانغان بېغىمۇ، ئۆينىڭ ئىچى بىلەن كىرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك ياغاچچىلىق كارخانىسىمۇ، ھەتتا بال ھەرە ساندۇقلىرى، پىۋا ئىشلەيدىغان ئەسۋاب - بوچكىلىرى بىلەن رەخت توقۇيدىغان قوپال داستگاھىمۇ بىرلا ئۆزى ھەم خوجايىن ھەم ئىشچى. ئۇلار ئايالى، شاگىرتى ئۈچى ئۆيدە تاماق ئېتىشىپمۇ جەدۋەل بويىچە نۆۋەتلىشىپ قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئالىي مەكتەپنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك فاكولتېتىنى تۈگىتىپ بىر يىللا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، لېكىن بىر كەپسىز بالىنى ئۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن قوغلىتىلغان. شۇڭا ھازىر ئۇ 1500 مارك ئىشسىزلىق مائاشىغىلا قاراشلىق. مۇشۇ نارازىلىقى بىلەن بۇ ياش، چىرايلىق چوكان دائىملا خاپا - تېرىكىپلا يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ قىز بىر ئوغلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈش، ئايالى ئۈچۈن خىزمەت ئىزدەپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە بېرىش ياكى تېلېفون بېرىشمۇ يۇداسنىڭ ۋەزىپىسى. شۇنچە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت يۇداس كىتاب ئوقۇش، يەلكەنلىك پاراخوتى بىلەن دېڭىزدا سایاھەت قىلىش، دوستلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالايدۇ.

ئۇنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ساغلاملىقى بىلەن جىسمانىي كۈچى.

يۇداس قارىماققا ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ يىل ئوتتۇز سەككىزدە. بۇ ياشقا كىرگىچە ئۇ ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئىشچىلار ئارىسىدا تەشۋىقاتمۇ ئېلىپ باردى، گېرمانىيىنىڭ غورۇرى ھېسابلانغان ئەربابلاردىن لېيبنىز، كانت، ھېگېل، ھومبولد، فىخت، گېگىل، نىتشى، فېيېرباخ، ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياشلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. ئۇ گېگىلنىڭ:

«شەخسىيلەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەسئۇلىيىتى دۆلەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشتۇر»، دېگەن تەلىماتىنى، ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان مىزان - تارازا ھېسابلىدى - دە، گېرمانىيىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن گۆتې، شىللېرلارنى ئۆز ئاتىسىدىن ئۈستۈن بىلدى، 1871-يىلى ئىككىنچى ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن بىسماركنىڭ قەبرىسىنى دائىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوۋچىلىق قىلغان ئورمانلىقلىرىنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ نامى بىلەن بىنا بولغان رىستورانىنىڭ تاملىرىدىكى بۇغا، ئۆلجا مۈڭگۈزلىرى بىلەن ھەر خىل ئوۋ مىلتىقلىرىغا قاراپ زوقلىنىشنى كىنو بىلەن تانسىدىن ئەۋزەل بىلدى....

يۇداس ئۆزىنى ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ھېسابلاپ يۈرگەن ئەشۇ يىللار ئۇنىڭ قاتتىق زەربە يېگەن يىللىرى بولدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتىن قوغلاندى. ئۇ ئوتتۇرا ياشقا يېقىنلاشقاندىلا ئۆزىنىڭ گېرمانىيە تارىخىدىكى ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدى - دە، مەرھۇم دادىسىدىن قالغان مۇشۇ جايغا كېلىپ دېھقانچىلىق ۋە ھەر خىل ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ھازىر تولىمۇ دەرتلىك چۈنكى دەۋر ئۇنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويمىدى. ئۇنى ئاز دەپ پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە مائارىپ - ئىنسانشۇناسلىق ساھەلىرىدىكى مول بىلىملىرى زايا كەتتى. گېرمانىيىدە ھېچكىم ئۇنى «بىلىملىك» دەپ ئەتىۋارلىمىدى.

ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ پۈتۈن ئۈمىدىنى بالىلىرىغا بېغىشلىدى. ئۆزى بالىلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەقلىي - جىسمانىي كۈچىنى پۇل تېپىشقا سەرپ قىلدى. ئايالىنىڭ 1500 مارك پۇلى بىلەن ياغاچچىلىق ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتىنى ھەر ئايدا تۆلەيدىغان 500 مارك شاگىرتلىق

ھەققى ھېسابقا ئېلىنمىغاندىمۇ ياغاچچىلىق كارخانىسىدىنلا ھەر ئايدا بىر نەچچە مىڭ مارك (نەق سان مەخپىي) تاپىدۇ. پەقەت روژدېستۋو بايرىمى ئۈچۈن ياغاچتىن تەييارلانغان قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلاردىنلا نەچچە ئون مىڭ مارك پۇل تاپىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئىككى تۈپ قارىغاي قىشۇ - ياز ياشىرىپ تۇرىدىغان ئازادە ھويلىسىدا ئەڭ زامانىۋى ئىككى ماشىنىسى، ماتورلۇق قولۋىقى، بالىلىرى ئۈچۈن پولات كۆل، ھەر خىل ماشىنا تراكتور، ۋېلىسىپت، ئويۇنچۇقلىرى، بولماقتەك بىر جۈپ ئارغىماق، ئۈچ تۇياق نەسىللىك بۇقىسى، ئوتلىقىدا يىگىرمىدەك قوي، ئۈچ جۈپ سېمىز غاز، ئۆچكىلىرى تۇرۇپتۇ. ئۇ باي، لېكىن دەرتلىك. ئۇ كۈچلۈك، لېكىن بىچارە. ئۇ ئىشچان، لېكىن زېرىكىشلىك. بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە، بەدىنىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

يۇداس باياتىن توك ھەرىسى بىلەن پەن تېلدى. مانا سائىتىگە قارىدى - دە، ئالدىراپ ياغاچچىلىق كارخانىسىدىن ئاشخانىغا چىقتى. ئۇ يەردە ئايالى چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن كاپۇسكا توغراۋاتاتتى.

يۇداس مۇزلاتقۇدىن ئوغلاق گۆشىنى ئالدى - دە، ئايالىغا گەپمۇ قىلماستىن كىچىك دۈشىگە گۆشنى قويۇپ توغراشقا باشلىدى.

— ئۇلار قاچان كەلمەكچى يۇداس؟

— ھازىر.

— قېنىشكە ئاۋۇلراق دېمىدىڭىز يۇداس؟

— شۇنداق، كەلگەندە دېگىنىم دۇرۇس، ئەنە ئۇلار كەلدى.

— جۇرۇڭ ئالدىغا چىقايلى يۇداس.

— بەرىبىر ئۇلار ئۆيگە كىرىدۇ.

راس دېگەندەكلا ئۆيگە ياكوپ، ماركوسلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار قۇچاقلاشتى. يوداسنىڭ ئايالىنى ئۇلار بىر - بىرىدىن قۇچاقلاپ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ چىقىشتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئايال مۇنداق دېدى:

— مېھمانخانىغا كىرىڭلار ئەمىسە 20 - ئەسىرنىڭ سوتسىيالىستلىرى!

ئۇلار كۈلۈشكەن پېتى مېھمانخانىغا كىرىشتى.

ئۇلار بۇ قوپال ئۆي جاھازلىرى بىلەن بېزەلگەن ئۆيدە ئۆرە تۇپ بولۇشۇپ خېلىغىچە قۇرۇلغۇسى زاۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئىنسانغا، تەبىئەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى. ماركوس جەمئىيەت توغرىسىدا، يۇداس دەرەخلەر ۋە قۇشلار توغرىسىدا مىساللارنى ئېلىپ ئۇزاق سۆزلىدى. ياكوپ يېزا خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قوللاش ئەھۋالىنى، ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ:

— كارخانىچى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، يۇقىرىغا ئەرز يوللاش ئۈچۈن يەتتە كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇلدى. لومېيورس، بېناك ۋە مەن بۇ ھەيئەتنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ سايلاندۇق. لومېيورس ۋېرى سىلىسارلىق دۇكىنىنى ئېتىپ بىز ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىگىلى كوچىغا چىقتى. بېناك خانىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى كوچا نامايىشىغا تەييارلىماقچى. بىزنىڭ كەسپىي پائالىيەتچىلىرىمىزدىن يۇداس، ماركوسلار ۋەرەقە بېسىپ تارقىتىمىش، كىتاب - گېزىتلەردىن قايىل قىلىش كۈچى زور بولغان پاكىتلارنى تاللاپ تارقىتىمىش ھەر قايسى گېزىت، تېلېۋىزىيونلارنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك!...

ياكوپ زور كۆلەملىك ئىش تاشلاشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان رەھبەردەك جىددىي، دەبدەبىلىك تەلەپپۇزدا سۆزلىگىنى تۇرغاندا ئۆيگە چوڭ بىر كەرىلكىدە پىۋا كۆتۈرۈپ يۇداسنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى - دە:

«ئىنقىلاب» قىلىمىز دەپ ئۆي ئىشىنى بىزگە

تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، قېنى چىقىپ قول-قولچە تاماققا تۇتۇش قىلايلى، — دېدى.

ئۇلار كۈلۈشتى-دە، پارقىراپ تۇرىدىغان ئۇتتۇچلۇق چوڭ ستاكانلاردا پىۋا ئىچىشتى ۋە ئاشخانىغا چىقىشىپ بىرسى گۆش توغرىسا، بىرسى پىياز، بىرسى كاپۇستا توغراپ توك بىلەن تاماق پىشىدىغان قازان بېشىدا قالغان گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتى ۋە قارارلارنى قوبۇل قىلىشتى.

3

يەتتە كىشىلىك ھەيئەتنىڭ كارخانىچى بىلەن قىلغان ئۈنجى كېلىشىمى ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ياكوپ بىلەن لومېيورس بوۋاي مەيلى قانچىلىك پاكىت كۆرسىتىپ قۇرۇلغۇسى زاۋۇتنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى سۆزلىمىسۇن بەرىبىر قوللىغۇچىلار كۆپ بولمىدى. ھەتتا بېشاك خانىم چېغىدا جىمجىت تۇرۇۋالدى. كارخانىچى:

— 300 نەچچە ئۆيلۈكنىڭ توك پۇلى، تېلېفون پۇلى، ئەخلەت - سۇ پۇللىرى زاۋۇت ھېسابىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپچىلىك نامىغا بىر باغ، بىر يەسلى، بىر باللار تەنتەربىيە زالى ياسىلىدۇ! — دېۋىدى، يىغىلىشقا قاتناشقان يېزىلىقلار بۇ ۋەدىدىن ئۆزلىرىگە كېلىدىغان پايدىنى ھېسابلاش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ياكوپ بىلەن لومېيورسنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى.

— دۇنيادا ھەركۈنى بىر خىل نابادات ئۆلىدىكەن. ئويلاپ قويۇڭلار ھايۋان خىللىرى بىلەن نابادات خىللىرىنىڭ سانى چەكسىز ئەمەس، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر پۈتۈن بالتىق بويلىرىدا قارىياغاچ قۇرۇپ تۈگىدى. يەنە نېمىلەر يوقىلىدۇ بىلەمسىلەر؟

— ياكوپ، بۇ يوقىتىش ھېسابىغا سەن 3500 مارك ئايلىق ئالىدىغان مانتېيور بولۇپ قالىسەن، — دېدى يۈزى مايلاپ قويغاندەك يالتىراپ تۇرىدىغان، قىسقا چاچ، ساغلام بە-

دەنلىك كارخانىچى بىرلىيارد كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېساب كۆرسىتىپ، — گېرمانىيە پۇل بىلەن روناق تاپالايدۇ. ئۆسۈملۈك، ھايۋان تۈرلىرى بىلەن روناق تاپسا ئافرىقا، ئاسىيا ياكى جەنۇبىي ئامېرىكا دۇنيانىڭ يۈرىكى ياكى كۆزىگە ئايلانغان بولاتتى. لېكىن بۇ يۈرەك، بۇ كۆز ھازىرچە يەنىلا ياۋروپادا، بايلىقتا بىز ياۋروپادا بىرىنچى، دۇنيادا مېنىڭچە 3 - ئورۇندا، گەرچە بىزنى باشقىلار ياپونىيىنىڭ كەينىگە قويۇپ 4 - سانىسىمۇ، بىز ھەممىمىز بىر ۋەتەننىڭ باللىرى. مەقسىتىمىز ئوخشاش مۇشۇ ۋەتەننى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا، تەڭدىشى يوق ئورۇنغا ئىگە قىلىش. بۇنىڭ يولى بىرلا. ئۇ بولسىمۇ ساناتەتلىشىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ھەممىنى مۇشۇ نىشانغا بۇراش.

— ياق، ياق — دېدى لومېيورس قىزارغان، يوغان كۆك كۆزلىرى بىلەن كارخانىچىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — بۇلار ھەممىسى ۋاقتى ئۆتكەن گەپلەر، ئادولف گىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرىدا تولا تەكرارلانغان گەپلەر بۇ. بىزگە گېرمانىيىمۇ كېرەك. مۇھىمى يەر شارى، ئىنسانىيەت. گېرمانىيە ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشىدا يەرشارىغا، ئىنسانىيەتكە قانچىلىك زىيان سالدى؟ بۇنى ھېسابلاپ كۆرمىگەن بولساڭ بىزنىڭ ماركوسقا مۇراجىئەت قىلسان - سېفىرلار بىلەن بۇ زىياننىڭ سالمىقىنى ئۇ ساڭا دەپ بېرىدۇ. قانداق دەيسىز بېشاك خانىم؟ سىزمۇ مېنىڭ پىكرىمنى قوللايدىغانسىز؟

— بۇ ھەرىكەتنىڭ مەنىسى سىز دېگەندەك، — دېدى بېشاك خانىم ياكوپقا قاراپ قويۇپ، — لېكىن بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى سىز بىلەن مەن ئەمەس. بۇ قەھرىمانلار ياكوپ بىلەن ھەيدى. ياكوپ ئىشسىز مانتېيور ئۇنىڭ كارخانىچىلارغا غەزىپى بار. ھەيدىچۇ؟

ئۇ بىر كۈندە نەچچە خىل ئىش قىلىدۇ. بالا باقىدۇ، ساتىراچلىق قىلىدۇ، ئۆي ئىشىمۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە قارىغاندا، پۇلغا بولغان ئېھتىياجى زور بولسا كېرەك. مەسىلەن ھەيدىمۇ بۇ كارخانىدا مۇقىم ئىشقا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياكۇپمۇ!...

— بولدى قىلىڭ بېئاك خانىم، بىز توغرىلىق بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىشكە تاقىتىم يوق، — دېدى ياكۇپ ئاچچىقىدا غالىلداپ تىترەپ، — سىزچە زاۋۇت جەننەت، قۇتقازغۇچ خۇدا، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى نېمىشكە قوللىمىدىڭىز؟ نېمىشكە دېرىزىڭىزگە ئىككى قىزىل، بىر سېرىق ئەترە گۈل قويدىڭىز، نېمىشكە بىزنىڭ ۋەرەقىلىرىمىزنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تارقاتتىڭىز؟ بىزنى كارخانىچىغا باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟

— ئەپۇ قىلىڭ ياكۇپ، مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق. ھەيدىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇمۇ ۋەرەقە تارقىتىپ يۈرگىنى بىلەن بۇ ئىشقا تازا قىزىقمايدۇ.

— سىز ھەيدىنى مەنچىلىك بىلمەيسىز، ھەيدىمۇ سىزنى مېنى سۆيگەنچىلىك سۆيمىسە كېرەك.

— لېكىن ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئاياللار كۆپرەك چۈشىنىدۇ، — دېدى كارخانىچى كۈلۈپ قويۇپ، — ياكۇپ مەن ساڭا ۋەدە بېرەمەن، ھەيدى يەسلىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئېيىغا 2500 مارك ھەق ئالىدۇ. ئىش ھەققىنى مۇشۇ نويابىردىن باشلاپ بېرىمەن.

ياكۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— مەن ئەمدى جانابى كارخانا خوجايىنى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمايمەن. تۇرمۇش غېمىدا بولسام ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئۆسۈملۈك، ھايۋاناتلار توغرىسىدا باش قاتۇرمىغان بولاتتىم. ئاغىنەم يوداسنىڭ بىر مەشھۇر سۆزى بار، دۇنيادا ئىككى خىل ئادەملەرلا مەۋجۇت. بىر خىللىرى ھايۋانلارغا يېقىن، بىر خىللىرى جانسىز تەبىئەتكە. بىزگە ئوخشاش جانسىز تەبىئەتنىڭ دوستلىرى ھامان ھىمايىسىز ئىكەنمىز. جانابى لومېيورس، بىز مەغلۇپ بولدۇق، بىزنى كارخانا خوجايىنى ئەمەس، دوستۇمنىڭ ئايالى، يەنى ئەدەبلىك، بىلىملىك بېئاك خانىم يەڭدى. مېنىڭ دوستۇم ماركوسقا ئىچىم ئاغرىيدۇ. نېمىشكە دېگەندە ئۇ ھەم مەغلۇپ بولغانلار ئىچىدە.

— مېنىڭمۇ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى بېئاك خانىم كۈلۈپ قويۇپ، — كارخانىچى بىلەن يامانلىشىپ ھەر ئايدا كىرىدىغان 6500 ماركتىن قۇرۇق قېلىۋاتىسىز. ناۋادا ھەيدىنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەم مەن ئاللىقاچان سىلەرنى قوللاپ جانسىز تەبىئەتكە يېقىنلاردىن بولۇپ قالغان بولاتتىم. ئىسىت، ھەيدى! ئۇمۇ ئىشسىز، سىزمۇ شۇنداق. تەبىئەتنىڭ بۇلغىنىشى ئىشسىزلىقتىنمۇ يامان بولمىسا كېرەك.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى لومېيورس پاخپاق قاشلىرى ئاستىدىكى قىزىرىپ كەتكەن كۆپكۆك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مەن بېئاك خانىم توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى تامامەن ئۆزگەرتتىم. ئەپۇ قىلىڭ خانىم، بۇ ئۆزگىرىش مېنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە باھا بېرىش قابىلىيىتىمنىڭ ناچارلىقىدىن پەيدا بولدى. يەتمىش نەچچە ياشلىق ئادەم ئۈچۈن بۇ خىل قابىلىيەت تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى، ئىسىت، ئەمدى مەن جەمئىيەتكە كۆپ ئارىلىشالمايدىغان بولدۇم! ئۇ ھاسا تايىقىغا تايىنىپ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەتىلا قۇرۇلۇش باشلايمەن، — دېدى كارخانىچى پارقىراق، قىپقىزىل يۈزىدىكى غورۇرىنى نامايەن قىلماق بولۇپ پاكىزە ياغلىق بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ، ئۇ چۆرىسى جە-

يەكلىك يالتىراق يۇمشاق سالتىنىپىدا
بىلەن يوغان بۇرنىنى بوشىتىپ بوك
لۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى، — كېرەك يوق. ياكوپ، ساڭا، ھەيدىگە
ۋەدەم بويىچە ئىش بېرىمەن. لومېورىس ئاكا،
ئەمدى سىزگە سېلىسارلىق دۇكىنىنى ئېچىشنىڭ
ھاجىتى قالمىدى. مەن تازا ئوبدان بىر قەھ-
ۋەخانا ئاچىمەن. ئورنى كۆل بويىدا بولىدۇ.
ئېچىلىشنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئۆمرىڭىز بويى پۇل
ئالمايمەن، بىرلا شەرتىم بار. سىز ئۇنى
ئاساتلا قوبۇل قىلالايسىز. شەرت شۇ: ئەتىدىن
باشلاپ، ياق، ھازىرنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ مې -
نىڭ زاۋۇتىم توغرىسىدا يامان گەپ قىلماڭ.

— جانابى خوجايىن، — دېدى لومېورس كارخا-
نىچىغا تىكىلىپ قاراپ، — بىز يېڭىلدۇق، لې-
كىن سىزدىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىز-
گە قورال تاپشۇرۇڭلار دەپ بەكمۇ ئالدىراپ
چوقان سالماڭ. مېنىڭچە سىز زاۋۇت قورال-
مايسىز. چوڭ بالايى - قازانىڭ ئالدىنى ئالى-
مەن دېسىڭىز، زاۋۇت قۇرۇشقا ئالدىرىماڭ.
بىز تېخى سۆھبەتنى يەنە باشلايمىز. بەلكى
بۇ سۆھبەت ماجراغا ئايلىنىپ ئادۋوكات يالللاشقا
توغرا كېلەر. بانكىدا يېتەرلىك پۇلۇم بار.
مەن، بىزنىڭ غالىبىيىتىمىز ئۈچۈن ھەممە
پۇلۇمنى خەجلەشكە رازىمەن، خەير - خوش،
قېنى ماڭ ياكوپ.

4

كەچ كۈزنىڭ بۇ تۇمانلىق، قۇياشسىز كۈن-
لىرى ھەيدى ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتۈ-
لۈشقا باشلىدى. ئاخشام ياكوپ ئۆيدىن چى-
قىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىش ئالدىدا تەنە بىلەن:

— بېيىك خانىمنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلمىساڭمۇ
بولار. ئەمدى خوجايىنىڭ 2500 مارك بەرسە،
قېينالماي جان باقالايسەن! — دەپلا قويدى.

ھەيدى ياكوپنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدۇ-
ھە؟ ياكوپسىز ئۆتكەن بىر كېچە ھەيدىگە
بىر ئۆمۈر تارتقان ئازابتەك ئېغىر سېزىلدى.
ئۇ بېيىك خانىمغا يەقەتلا ياكوپنىڭ يىغى-
سىنى يىغلاپ بەردىمۇ؟ ياكوپ زاۋۇت خوجايى-
نىغا قارشى تۇرامدۇ، كوچىغا چىقىپ نامايىش
قىلامدۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەيدى بىلەن نېمە ئا-
لاقىسى بولسۇن؟ ھەيدى: خاتىرجەم ئائىلە،
كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ئۆز
ئېرىنىڭ ئىشىدىن، ئىچىدە نارازى بولغان ئى-
دىمۇ؟ دېمەك ئۆز سۆيگىنىنىڭ ھەر قانداق
ئىشىنى پايدا - زىيان سورۇشتۇرمەيلا، ئاقى-
ۋىتىنى ئويلاشمايلا قوللاش لازىم ئىكەن - دە؟
ھەيدى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى. يا-
كوپقا مەدەت بېرىپ، ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ،
يانتاياق بولالايتتى. ئىسىت، نېمىشكە شۇنداق
قىلمىدى؟ مۇھەببەتنى ئاسرايمەن دەپ نابۇت
قىلغىنى نېمىسى؟ ئەمدى بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى
بىر ئاخشام بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ - دە؟ مانا
ھازىر پوچتىدىن ئاتكىرىتكا تاپشۇرۇپ ئالدى.
گۈللەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرىتكى-
نىڭ كەينىگە: «سىزگە كۆپ رەھمەت، نويابىر-
لىق ئىش ھەققىڭىز ئۈچۈن بانكىغا 2500 مارك
يوللانماقچى، ھېسابات نومۇرىڭىزنى تۆۋەن-
دىكى ئادرېسقا يوللاڭ» دېگەن قىسقىلا خەت
يېزىلغان، ئادرېس رەقەملەر بىلەن بايان
قىلىنغان. بۇ ئادرېس كارخانىچىنىڭ كافتو-
رىسى بولۇشى مۇمكىن، توۋا، بىكاردىنلا 2500
مارك ئەۋەتكىنى نېمىسى؟ كارخانىچى تېخى
ھەيدىنى كۆرمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇ تېخى كارخانىچىغا ئىش قىلىپ بەرمىگەن،
ھەتتا ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىشقا رازىلىقمۇ بەرمى-
گەن تۇرسا قانداقمۇ بۇ 2500 ماركنى قوبۇل
قىلغىلى بولسۇن. بۇ ئەلۋەتتە بىر خىل سات-
قىنلىق. ۋىجدان ئالدىدا شۇنداق ھۆكۈم چى-
قىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش قۇيۇل-
دى. ياكوپ ئۆيدە بولغان بولسا كارخانىچى
بىلەن ئېلىشىشقا ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن بولا-
رىدى. بۇ ۋەدە ئۇنىڭ قولىدىن كەتكەن خۇ-

شاللىقىنى، مۇھەببىتىنى قايتۇرۇپ كەلگەن بولارىدى. لېكىن ياكوپ يوق، ئەمدى ئۇنىڭغا كۆز يېشى ھەمراھ.

ئۇ مەقسەتسىزلا تاختاي پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا، تۆۋەنگە بىرنەچچە قېتىم چىقىپ چۈشتى.

ئىزۋانوك جىرىڭلىدى. ئۇ يۇقىرىدىن ئىككى پەلەمپەينى بىر دەسسەپ ئالدىراپ ئىشىك ئاچقىلى چۈشتى: «ياكوپ قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى ياكوپنى ھېچيەرگە كەتكۈزمەيمەن، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن». ئۇ ھاياجان بىلەن ئىشىك ئاچتى. كەلگۈچى ياكوپ ئەمەس، بېئاك خانىم ئىكەن. ھەيدى بېئاك خانىمنىڭ سولغۇن چىرايى، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ خاپىلىقىنى چۈشەندى:

— ھازىرلا ماڭاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — ياكوپ ئاخشام كەتتى، گاڭگىراپلا قالدىم.

— چۈشىنىمەن. مەن بالىلارنى يولغا سالدىم، ئۆي ئىشىمۇ تۈگىدى. بۈگۈن ئۈچ سائەت دەرسىم بار ئىدى. لېكىن دەرس ئۆتكىدەك ھالىم يوق. ماركوسمۇ مەندىن خاپا. ياكوپ يوداسنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىۋاپتۇ. يوداس دېھقان بولغىنى بىلەن باي، سېخى ئادەم. ئاڭلىغانسىز يوداس بىلەن لومېيوردىس قېرى خېلى جىق پۇل چىقىرىپ پاۋىل بىلەن ماركوسنىڭ تەبىئەت ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىغا قارشى ماقالىلىرىنى بىر نەچچە گېزىتكە بىراقلا باستۇرۇپتۇ. تېلېۋىزوردىمۇ بەش مىنۇتلۇق خەۋەر، پاكىتلىق سۈرەتلەر بېرىلىپتۇ. ئۇلار ھازىر كارخانىچىغا پۈتۈن جەمئىيەتنى قارشى قوزغاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا!

ھەيدىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى:

— مەن نېمىشكىمۇ ئىككىلىنىگەندىمەن. مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ سىزمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، بېئاك خانىم!

— ئايرىلىپ قېلىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدىغۇ ھەيدى، ئاخشام بىر پارچە تەھدىت خېتى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئادەم قېنى تېمىتىلغان. دېمەك مەن كارخانىچىغا قارشى دەرھال ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن مەيدانغا چىقىشىم كېرەك. بولمىسا مېنىڭ قېنىم تۆكۈلىدىكەن!

— سىزگە بۇنچە ئۆچمەنلىك قىلغان كىم ئىكەن ئۇ، بېئاك خانىم؟

— مەن ئادۋوكات تەكلىپ قىلدىم. ئادۋوكات خېمىيىلىك ئۇسۇل ۋە ئىملا تەكشۈرۈش يوللىرى بىلەن بۇ خەتنى يازغۇچى لومېيوردىس قېرى دەپ ئىسپاتلىدى.

— بۇ قېرى قىلالايدۇ، ئادۋوكات خاتالاشمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ قىلمىشىغا ئىقرارمۇ؟

— ياق. ئۇمۇ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ مېنىڭ ئادۋوكاتىمنىڭ ھۆكۈمىنى رەت قىلدى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز، بېئاك خانىم؟

— بىلمەيمەن.

— كارخانىچىنى ئەيىبلەپ ئۇتتۇق سۆزلەڭ، ياكى ماقالە يېزىڭ، ياكى بولمىسا ئوقۇغۇچىلارنى نامايىشقا ئۇيۇشتۇرۇڭ، شۇنداق قىلمىسىڭىز جېنىڭىز ئامان قالىدۇ.

— ياق، قورقۇپ مەيداننى ئۆزگەرتتى دېگەن نامنى ئالغاندىن قاتىلنىڭ قولىدا ئۆلگىنىم تۈزۈك.

— نېمە دەيدىغانسىز، بېئاك خانىم، ئۇنداق بولسا ماركوس ئەپەندىگە مەلۇم قىلايلى. ئۇ ئاقكۆڭۈل ئادەم، سىزگە ياردەم قىلىدۇ.

— ياق، ياق، يۈز تۆكۈلىدىغان ئىشنى زادى قىلمايمەن!

— ئۇنداق بولسا بىز ئىككىمىز كارخانىچىنىڭ ئالدىغا بارايلى. بىزنىڭ جېنىمىزغا، ئا-

ئىلىمىزگە كەلگەن پالاكەتنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ زاۋۇتىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇ بىلسۇن. ئۇ ئادەممۇ گېرمانىيىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا باش قاتۇرغىدەكمۇ. ئاياللار بولمىسا ئىستىقبال نەدىن بولسۇن؟ ئاياللارنىڭ كۆز يېشى ھەرقانداق نېمىنى ئېرىتىدۇ. جۇرۇڭ بېيناك خانىم شۇنداق قىلايلى.

بېيناك خانىمنىڭ «بىن سى» ماركىلىق ماشىنىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا چىققاندىن كېيىن سائىتىگە 185 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئۇچتى. بۇ سۈرئەت ئىككى ئايالنى غەم-غۇسسىدىن ئازاد قىلىشقا ئاستىلىق قىلماقتا. يېقىنلا يەردىكى شەھەر بۈگۈن يىراقلاپكەتتىمۇ ياكى قايغۇلۇق ئادەملەر ئۈچۈن جاھاندا قىسقا يول يوقمۇ؟

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى 15 قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى، بىنانىڭ پېشانىسىگە ئۇلار كۆرۈشمەكچى بولغان خوجايىنىنىڭ ئىسمى، شىركەت ئىسمى بىلەن بىللە يېزىلغان، بۇ نام كۈندۈزىمۇ يېشىل - قىزىل رەڭلەردە بىر ئۆچۈپ بىر يېنىپ تۇراتتى، ئىككى ئايال لىفت بىلەن 8 - قەۋەتكە چىقىپ خوجايىن ئىشخانىسىنىڭ ئىزۋانوك كونۇپكىسىنى باستى.

— بىلەر كىم؟ — ئىشىك ئىزۋانوكىدىن ئاۋاز چىقتى.

— ئاياللار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى.

ئاياللار كىرگەندە خوجايىن ئۆيىنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ سىن ئالغۇ كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ ئاياللارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاياللار ئۈن - تىنسىز خوجايىن بىلەن بىللە سىن ئالغۇ كۆردى، ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر: «يۇندىرەڭ سۇ، سۇ تەركىبىدىكى ساغۇچ ماددا» بىر بېلىق ساغۇچ ماددا بىلەن ئۇچراشتى - دە، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى. ساغۇچ ماددا بىر يىلتىزغا ماڭدى - دە، ئېكراندا يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈۋاتقان ياغاچ پەيدا بولدى، يەر شارى ئايلاندى، يېشىل جايلار سارغايدى، ئاندىن ئۈچيۈز نەچچە مىڭ گېكتار دېگەن رەقەم، ئۇنىڭ كەينىدىن ناھايىتى كۆپ رەقەم ئېكرانغا يېزىلدى، بۇ رەقەم ھېلىقى ئۈچيۈز نەچچە مىڭ دېگەن رەقەمگە بۆلۈندى ۋە سوئال بەلگىسى قويۇلدى، سوئال بەلگىسى بىردىنلا كۈچلۈك بوراندا ئۆچتى، قۇم دۆۋىلىرى كۆچتى، شەھەرلەرنى باستى، زاۋۇتلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلدى، چاك - چاك يېرىلغان يەرلەر، جان تالىشىۋاتقان، ئۆلگەن، سۆڭەككە ئايلانغان سان-ساناقسىز، خىلمۇ خىل ھايۋانلار...

ئاخىرىدا «ئېكراندا يەر شارىنى ۋە ئىنسانىيەتنى گۈللەندۈرىدىغاندۇ. ھالاك قىلىدىغانمۇ ئىنسان ئۆزى!» دېگەن خەت چىقتى. خوجايىن سىن ئالغۇنى ئۆچەردى - دە، ئاياللارغا قايرىلدى!

— مانا سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلارنىڭ قەھرىمانلىقى - دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ، — ئۇلار ھەممە تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت - ژۇرناللارنى ئىشقا سېلىپ ماڭا ھۇجۇمغا ئۆتتى، لېكىن بۇ ھۇجۇم گىتلېرنىڭ ئۆز كۈچىنى تولىمۇ ئۈستۈن چاغلاپ ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلغىنىغا ئوخشاش بىر تەلۋىلىك. مەن گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەر ئادەممەن. مەن ھەرگىز چېكەتكە، زەھەرلىك گاز، ئاتوم، ۋودوروت بومبىسىدەك قىرغۇچى - يوقاتقۇچى ئەمەسمەن. گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى پۇل بىلەن، بىلەمسىلەر ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيىلەر، نېمىسى بىلەن بىزدىن ئۈستۈن؟ ياكوپ، يۇداس، ماركوستەك «ئىنسانىيەتپەرۋەر» لىرى بىلەنمۇ؟ ياكى خەلقى ھاۋانى، سۇنى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ياق، قەتئىي ياق ئۇلار پۇلى بىلەن بىزدىن ئۈستۈن، ئۇلار بىزدىن دانا ئەمەس، بەلكى بىزدىن پۇل -

لۇق، بىزنىڭ ھالاكىتىمىز پۇلنىڭ قەدرىنى بىلمىگىنىمىزدە. سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار تارىخنى، پەلسەپىنى، تەبىئەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىقنى بىلگىنى بىلەن ئىختىساتشۇناسلىقنى بىلمەيدۇ، مەن بۇنى بىلىمەن، گېرمانىيىدە بىزدەكلەر ئاز، شۇڭا بىز دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يېرىمىز تۆت دۆلەتنىڭ ھەربىي گازارمىسى، گىتلېر 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان ئاسارەت - ۋېرسال سۇلھى شەرتنامىسىنى ھايت - ھۇيت دېگىچە بىكار قىلىپ گېرمانىيىنى ياۋروپاغا غوجا قىلالىغان. بىزچۇ؟ تېخىچە يالتا قارارنى، تېھران كېلىشىمى، سانفرانسىسكو ئاخباراتى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇ ئاسارەتتە ئازغىنە كەم يېرىم ئەسىر تۇردۇق. بىر ئەسىر، ئىككى ئەسىر تۇرىمىزمۇ؟ گېرمانىيىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى مانا مۇشۇنىڭغا باش قاتۇرۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار...

— بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى ئەيىبلەشكە ھەققىڭىز يوق! — دېدى بېئاك خانىم تاقەتسىزلىنىپ، — بىزگە دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ شان-شەرىپىمۇ زۆرۈر، لېكىن ھازىر بىزگە كېرەك بولۇۋاتقىنى ئائىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى، شەخسىي غورۇرىمىز، بىزگە ئائىلە، بەخت كېرەك. قىسقىسى ئەرلىرىمىز كېرەك. سىزنىڭ قۇرماقچى بولغان زاۋۇتىڭىز بىزنى بەختسىز مەھرۇم قىلىدىغان بولدى. ھەيدى تۇل قېلىش ئالدىدا، مېنىڭ باللىرىم ئاتىسىنىڭ ئەقىدىۋازلىقى سەۋەبى بىلەن يېتىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىز راستىلا ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئالىيجاناب بولسىڭىز بىزنىڭ يېزىمىزغا زاۋۇت قۇرۇش پىلانىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز بىزگە تولىمۇ چوڭ ياردەم قىلغان بولىسىز!

— ھا ھا ھا!... بېئاك خانىم! — دېدى كارخانىچى مەرۋايىت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سالغان سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ساددا ئىكەنسىز، گەپنى ئوچۇق قىلغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھمەت. لېكىن مەنمۇ ئەقىدىۋاز. مەنمۇ ئۆز ئەقىدەم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. مەن يۇقىرى ئىش ھەققى تۆلەپ ئۈچ نەپەر ئادۋوكات تەكلىپ قىلدىم. مەن رادىئو، گېزىت، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى ئۆزۈمگە خىزمەت قىلدۇرالايمەن. مەن ئۇستا قەلەمكەش ياللىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن قۇرىدىغان زاۋۇتلىرىم، ياۋروپا ئورتاق بازىرىدا قولغا كەلتۈرىدىغان ئۈستۈنلۈكۈم، ياۋروپادا، ئاسىيادا رىقابەتچىلىرىمنىڭ ھاياتىغا كەلتۈرىدىغان كۆڭۈلسىزلىك-كەمبىزەللىرىم توغرىسىدا ماقالە يېزىۋاتىدۇ. شۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ياكوپ، يۇداس، ماركوس، لومېيورىسلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەنە شۇ چاغدا ھەيدى خانىم بىلەن بېئاك خانىم بارلىق قايغۇ - ئازابلاردىن خالىي بولىدۇ. ھەيدى خانىم ھازىردىن باشلاپ بىزنىڭ خادىم، ئايلىق ئىش ھەققىڭىزنى ئالغانسىز خانىم - ھە. بېئاك خانىم سىزگە كەلسەك، ھېلىقى قان دېغى بار تەھدىت خېتى ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، لومېيورس قېرىنى سىزنىڭ ماركوسىڭىزنىڭ ئۆزى ماڭاتمىزلاندۇرۇپ بېرىدۇ؟

كارخانىچىنىڭ بىردە مېڭىپ، بىردە توختاپ تۇرۇپ قىلغان بۇ لېكسىيىسى ئىككى ئايال ئۈچۈن تولىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. بولۇپمۇ ھەيدى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. كارخانىچى ئۇنىڭ ئائىلىسى، مۇھەببىتى، بەختى بىلەن ھېسابلاشمايدىكەن. ھەيدىنىڭ قارىشىچە ئادەم ھېسسىيات بىلەن قەدىرلىك، باشقىلارنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىنسانىي

يەتچەلمكىنىڭ ئالىي بەلگىسى لېكىن كارخانىچى ئۈچۈن شەخسىي ھېسسىيات ئەرزىمەس بىر نەرسىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە ھەيدى بىلەن بېشاك ئۆزئەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈپ ئازابتىن خالى بولارمىش، چۈنكى ئەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھېسابىغا ئاياللىرى ياخشى ئىش ھەققى ئالارمىش؟ بۇ مەغلۇبىيەت ناۋادا جىسمانىي ياكى مەنىۋى ھالاكەت بولسىچۇ؟...

5

ياكوپ بىردە يۇداس بىلەن بىللە كىتابلاردىن كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئىلمىي يەكۈن، پاكىت ۋە سانلىق رەقەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ماشىنىكىدا ۋەرەقە قىلىپ ئۇرۇپ چىقسا، بىردە يىغىنلارغا قاتنىشىپ ئوتتۇق سۆزلەيتتى، بىكار بولسىلا يوداسنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسىدا تەرلەپ-پىشىپ توك ھەرىسى بىلەن پەن تىلاتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا — كارخانىچىنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش «كۆرىشى»گە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئائىلىسى، ھەيدى توغرىسىدا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەيدى. يوداسنىڭ:

— ھەيدى قانداق؟ — دېگەن سوئالىغا قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ئۆز ئىشى بىلەن، — دەپلا قويىدى.

لېكىن ئۇ ھەيدىنى ئويلىماي تۇرالمايتتى، ئايالىنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئايالىغا بىر خىل ئۆچمەنلىك ئۇلغايماقتا ئىدى. ئۇ ماركوستىن بېشاك، ھەيدىلەرنىڭ كارخانىچى بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغان ئىدى. ماركوس گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ! — ئۇلارنىڭ نەسىھەت بىلەن كارخانىچىنى ئىنساپقا دالالەت قىلىشىنى مېنىڭچە ساددىلىقى، — دېۋىدى، ياكوپ ساقلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ: — ساددىلىقى دېدىڭمۇ؟ ياق، ئەخمەقلىقى، ئاجىزلىقى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى قۇلچىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، — دېدى.

— ئاياللارنى ئازا چۈشەنمەيسەن ياكوپ، — دېدى ماركوس پۈتىنى قاراپ قويۇپ، — ئۇلارغا ئۇنچىلا قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! ئۇلار مېھرىبان، كۆڭۈلچەك، نازۇك.

— 200 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ گەپلەرنىڭ بەلكى ھېكمەتلىك سۆزگە ئايلانغان بولارىدى ماركوس، لېكىن ھازىر بۇ گەپلەرگە 1-سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار بىزگە ئوخشاش، پەقەتلا جىنسىي پەرقى مەۋجۇت. بىر ئەرنىڭ قەلبىنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ھەمنەپەس بولالمىغان، ئەكسىچە ئۆز ئېرىنىڭ ئەقىدىسىدىن ئىچى پۇشۇپ زېرىكىپ يۈرگەن ئايالنى سېنىڭ بايىقى قاراشلىرىڭ بىلەن ئاخلاپچىقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن بېشاك خانىم بىزگە ئاسىيلىق قىلدى، ماركوس بۇندىن كېيىن ھەيدىنى ئاقلايمەن دەپ زادىلا ئاۋارە بولما!

شۇندىن باشلاپ بۇ ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەيدى ياكى بېشاك توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ بولمىدى، ئۇلار ھەدەپ ماقالە يېزىش، تېلېۋىزوردا سۆزلەش، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا ئەرز سۇنۇش، كارخانىچىنىڭ كۆپ خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان قايتۇرما ھۇجۇمىغا جاۋاب بېرىش بىلەن ئالدىراش، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەن ھېسابلاشماي ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىشتى.

سىم-سىم يامغۇرلۇق، يېشىل جىرالارنى قويۇق تۇمان قاپلىغان دېكابىرنىڭ ئاخىرقى ئەتىگەنلىكى يوداسنىڭ ئىشىكى ئالدىدا! پات-

قاققا مىلەنگەن بىر كۆك ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن لومېيورس بوۋاي ئىنجىقلاپ چۈشۈپ كەلدى - دە، يامغۇردىن ھۆللەشكەن شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ھەم يېپىقلىق قاشا قاپقىسىنىڭ كونۇپكىسىنى باستى.

ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇ ئالدىراپ سەندىرەكلەپ ئۆيگە كىردى - دە، تېلېۋىزوردا بىر ئىلمىي فانتازىيىلىك كۆرۈنۈشنى قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان ئۈچ دوستىغا «تاك، تاك» دەپ قىسقىلا سالام قىلدى.

— ياخشى خەۋەر ھەم يامان خەۋەر، — دېدى ئۇ كۆك كۆزلىرىنى ئالايتىپ يىگىتلەرگە قاراپ قويۇپ، — كارخانىچىغا بىرسى بارماق قېنىنى بېسىپ خەت يېزىپتۇ. خەتتە ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنگىچە زاۋۇت قۇرۇشتىن ۋاز كېچىش بۇيرۇقى بېرىلگەن. دېمەك ياكى ئۈچ كۈنگىچە ئاپەت كېلىدۇ ياكى ئۈچ كۈندىن كېيىن كارخانىچى بېشىنى يەيدۇ؟ ھە، پاۋىل نېمىگە قارايسەن؟ چۈشەنمىگەندەك قاناداق گەپ بار ئىكەن؟! كارخانىچى بۇ خەتنى ئېلىپلا قانۇنغا تاپشۇرغان. ستىراخوۋانىيە ئورۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ جېنىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان، قانۇن - ساقچى، ستىراخوۋانىيە كارخانىچىنىڭ قول - چوماقچىلىرى بولۇپ بىر مۇداپىئەچىلەر ئەترىتى شەكىللەنگەن، مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلار ئىملا قان تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ بىزنىڭ يېزىغا كېلىشكەن. ئۇلارنىڭ 1 - گۇمانى ياق، گۇمان ئەمەس. ھۇجۇم نۇقتىسى ئەلۋەتتە بىز. ھەر ئېھتىمالغا قارشى 1 - دىن ياخشى ئادۋوكاتلاردىن ئىككىنى تەييارلاپ قويايلى، ئۇنىڭ خىراجىتى مەندىن بولىدۇ. 2 - دىن ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى «ماشىنا سوقۇلۇش ۋەقەسى» بىلەن ھەل قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە سىرتقا چىقمايلى.

— ھەممە ۋەھىمىنى سەن پەيدا قىلدىڭ لومېيورس! — دېدى ماركوس قاپىقىنى تۈرۈپ، — سەن بىناكقا تەھدىت خېتى يازمىغان بولساڭ بۇ ۋەھىمە ھەم بولمىغان بولاتتى. ئېيتقىنا، بىناك كارخانىچىغا قارشى بىرەر ئىسپادە كۆرسەتمىسە خېيىم خەتەرگە يولۇقامدۇ؟

— تەھدىت خېتى يېزىشقا پېتىنالىغان ئادەم ئەلۋەتتە بىناكنى ئاياپ قويماسلىقى كېرەك!

— سەن بوۋاي، راسلا مېنىڭ ئايالىمنىڭ جېنىغا زامىن بولماسمىنا؟

— خەتنى مەن يازغان بولسام شۇنداق قىلاتتىم،

— سەن تېخىلا بۇ خەتنى مەن يازمىغان دەپ تۇرۇۋاتامسىنا؟

- ھازىرغىچە ھېچكىم مېنى قارىلاپ ئىسپات كۆرسىتەلمىدى.

— مېنىڭ سەزگۈلىرىم ماڭا خاتا خەۋەر بەرمەيدۇ. مەن كېسىپ ئېيتىمەن بۇ خەت سېنىڭ!

— سېنىڭ سەزگۈلىرىڭ گۇماندىن باشقىغا يارىمايدۇ. گۇمان ئالدى بىلەن ساڭا زىيانلىق، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتى يوق.

— بىلىپ قوي لومېيورس، بىناك ھەرگىز خاتا قىلدىم دېمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن. ئۇ بىر تەھدىت خېتى، بىر تامچە قاننى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ئۆلۈشكە رازىكى كۆز قارىشىدىن قايتمايدۇ. سەن بىلمىسەن، مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، بالىلىرىمىز ئۇنىڭسىز قالسا بەختسىز بولىدۇ. تەھدىت خېتىنى يازغان ئادەمنى سەن بىلىشىڭ مۇمكىن. سەن ئۇنىڭغا ئېيت، مېنىڭ، بالىلىرىمنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلسۇن، ھېلىمۇ خېتىنى ئىناۋەتسىز

قىلىۋەتسۇن، بېشىڭ بىزگە خانىشلىق قىلدى، لېكىن نېمە ئۈچۈن؟ سەن ئۇنى بىلىسەن، ئۇ بىز بىلەن بىر ئەقىدىدە، لېكىن ھەيدىنىڭ كۆز يېشى، ياكوپنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بىچارە بېشاكنى ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ياكوپ بىر كارخانىچىنىڭ ناھەق زەربىسىگە ئۇچراپ ئىشسىز قالدى، لېكىن مۇنۇ يېزا خەلقىنىڭ، ياق گېرمانىيە خەلقىنىڭ، ياۋروپا - دۇنيا خەلقىنىڭ پايدىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئۇنى تېچ قويمىدى، بۇ ئىش ھەممىمىزنى تېچ قويمىدى؛ مەن ئۆزۈمنىڭ دېسسېرتاتسىيەمنى تاشلاپ قويدۇم. يۇداس نەچچە يۈز مارك كىرىم قىلىدىغان ئىشنى توختاتتى. ياكوپ ھەيدىدىن، مەن بولسام بېشاكتىن ئايرىلغىلى ۋاتىمىز. لومىيورس سەنمۇ ئىشىڭنى تاشلىدىڭ، نۇرغۇن پۇل خەجلىدىڭ، لېكىن مېنىڭ ئۇمۇدىم ئادەم ئۆلمىسۇن. مەيلى كەم بولمىسۇن ھايات قالسۇن، بىز قانۇنى يول بىلەن، گەپ - سۆز، داۋا - دەستىر، مۇنازىرە يولى بىلەن ئىشنى ئاخىرلاشتۇرايلى!

— مەن ماركوسنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن! — دېدى يۇداس. ئىشنىڭ يولى شۇ، لېكىن...

— لېكىن، - دېدى ياكوپ يوداسنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەن كارخانىچىغا تەھدىت خېتى يازغۇچىنى قوللايمەن، بىز ئۇنى سىلەر دېگەن يول بىلەن يېڭەلەيمىز. چۈنكى بىزدە ئۇنىڭكىدەك پۇل يوق!

— گېرمانىيەدە پۇلدىن باشقا ھەقىقەت يوق دەمسىز؟ — دېدى يوداس خاپا بولۇپ، — مەن پارلامېنتقا، ئىشتات باش مىنىستىرىغا، بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پروفېسسورلىرىغا ئايرىم - ئايرىم خەت يازدىم؛ بىزنى قوللايدىغانلار چوقۇم كارخانىچىنى قوللايدىغانلاردىن كۆپ!

— يوداسنىڭ پىكرى توغرا! — دېدى ماركوس، دەرھال ئۇنى قوللاپ.

— ئارىمىزدىن يەنە خانىشلار چىقىدىغان ئوخشايدۇ! دېدى لومىيورس ئاشخانىدىن بىر رومكا ھاراق ئېپچىقىپ، — خانىشلارنىڭ جاجىسى قان، قان تۆكۈلمىسە ئېلىشىش دېگەننىڭ مەززىسى بولمايدۇ! مەن ياكوپنى قوللايمەن، كارخانىچىنى سۆز بىلەن ئەمەس، قان بىلەن يېڭىش كېرەك!

## 6

پۈتۈن دۆلەتنى خۇددى بەدەندىكى قان تومۇرلاردەك چىرمىۋالغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللاردا كېچە - كۈندۈزلەپ بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەن ماشىنىلار چېپىشىپ يۈرىشىدۇ. بۇ ماشىنىلار مىڭلارچە ئەمەس، تۈمەن ياكى يۈزمىڭلارچىمۇ ئەمەس، مىليونلارچە! شۇڭا ھەريىلى بۇ يوللاردا سادىر بولىدىغان قاتناش ۋەقەلىرى (پاجىئەلەر) نەچچە ئون مىڭ قېتىمغا يېتىدۇ. بۇ گۈزەل، راۋان، نۇرلۇق يوللاردا ماشىنا چاقى بىلەن ئاسفالت سۈركىلىشىدىن زور مىقداردا كادمى پەيدا بولۇپ ئۇ ئالىيومنى قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلار بىلەن ھاۋاغا ئارىلىشىپ ھاياتقا تەھدىت سالغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن بەختلىك ئادەملەرنى بەختسىز قىلىدۇ. ئات ياكى ھارۋا ماڭغان توپىلىق يوللاردا ئون يىلدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان بەختسىزلىكلەر مۇشۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا بىر كۈن ياكى بىرنەچچە سائەتنىڭ ئىچىدە سادىر بولىدۇ - دە، يۈگرۈك ماشىنىلارنىڭ مەخسۇس قاتناش خەۋەرلىرىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئاڭلىنىدىغان رادىئو كارنايلىرىدىن بۇ بەختسىزلىك توغرىسىدا قىسقا، ئېنىق خەۋەر ھەر كۈنى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، غەرب يوللىرىدىكى بۇ پاجىئەلەرنى پاكار ئۇچىدىغان بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ماڭغان تەرىپىگە قاراپ ئادەملەر ئوڭايلا بىلىۋالىدۇ - دە،

ماشىنىلىرىغا تورمۇز بېرىشىپ «ئاۋارىيە»نىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى بىرنەچچە مىنۇت سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتىدۇ. يول ئېچىلغاندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا پاچىقىدا توغرىسىدىكى بىرە خەۋەر كىرىپ - چىقمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللار بەخت يولى، ھايات يولى، ئىنسانىيەتنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى قەدىمى، تۇرمۇش رېتىمى بولۇپ تويۇلىۋېرىدۇ.

لومىيورس بوۋاي ماشىنىسىغا يېتەرلىك ماي قاچىلاپ يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا ئالتە سائەتتىن بېرى چېپىپ يۈرىدۇ. ئۇ ماشىنا سۈرئىتىنى 180 كىلومېتىردىن زادىلا چۈشۈرمىدى. دېمەك مىنۇتىغا ئۈچ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول ماڭدى دېگەندىمۇ ئۇ ھازىرغىچە مىڭ كىلومېتىردىن كۆپ ماڭدى. ناۋادا ئۇ ۋەتىنىنى شىمالدىن - جەنۇبقا كېسىپ ئۆتمەكچى بولغان بولسىدى بۇ چاققىچە بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئاز قالغان بولاردى. لېكىن ئۇ ئالتە سائەتتىن بېرى ئارىلىقلىرى 200 كىلومېتىردىن ئاشمايدىغان ئۈچلا شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرمەكتە.

ئۈچ شەھەر ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ تۈگۈچى، تۇرمۇشىنىڭ باشلانغان، گۈللەنگەن ئاخىرلاشماقچى بولغان ئۈچ تۈگۈنى.

بۈگۈن تۇغۇلغان شەھىرىگە ئۈچ قېتىم باردى. شەھىرى لومىيورس كىچىك ۋاقتىدا كۆرگىنىدەك: ئاستا ئاقار دەريا، قىزىل خىشلىق ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر، تاش ياتقۇزۇلغان دەرەخسىز، تار كوچىلار... ئوقۇغان، قىزلارنىڭ كەينىدىن چاپقان شەھەرچۇ؟ قەرەللىك ئورۇلىدىغان چېركاۋ قوڭغۇرىقى، چېركاۋغا كىرىدىغان قاراڭغۇ كارىدورلۇق تاش دەرۋازىيەنە بۇرۇنقىدەك. بۇ خىلۋەت، بۇدرە - چوقۇر تاش تاملارغا بۆلۈنۈپ تۇرۇپ قىزلارنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى ئوينىتىش ھەجەپ كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن لومىيورسنىڭ ياشلىقىدا ئۆزگەنگىنى تولىمۇ ئاز ئىدى. ئۇ «كېتلەرچى ياشلار ئىتتىپاقى»غا قاتنىشىپ يېزىلارغا چۈشۈپ چېنىققان ۋاقتىنى زادىلا ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم شۇ چاغدا ئانىنا بىلەن ھاياتتىن رازى بولغان ئىدى. ئانىنا ھامىلدار بولۇپ قالغىنىدا لومىيورس ئەسكەر سېپىدە ئىدى. ئەسكەرلىكتە ئۇ گېرمانىيە بىلەن فەيۇردىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. شۇ ئىككىسى ئۈچۈن ياشاش، قۇربان بولۇش ئۇنىڭ بۇرچى ئىدى. لېكىن لومىيورس قۇربان بولۇشنى خالىغان بىلەن ئىلاجى بولمىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن گېرمانىيە بىلەن فەيۇرىنىڭ ئۆزى ھالاك بولدى... ئۇ ئەلبا دەرياسىنىڭ كۆرۈكىدىنمۇ ئۈچ قېتىم ئۆتتى. دەريا سۈيى قارامتۇل، بەتتى سوپۇن كۆپۈكىدەك كۆپۈكلەر بىلەن تولغان لومىيورس يەگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت مەزگىلىدە مۇشۇ دەريادىن ئۈزۈپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا بىرلەشمە ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلغان. گەرچە ئۇلار بېرلىنغا يۈرۈش قىلغان بۇ بىرلەشمە ئارمىيىنى توساپ قالالمىغان بولسىمۇ ئۆز يېرىدە تۇرۇپ كەلگىندىلەرگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى...

مانا ئەمدى لومىيورس بىر دورىگەر. ئۇرۇش ئاخىرلاشمىغان، گېرمانىيە تەسلىم بولمىغان بولسا لومىيورس بەلكى دورىگەرمۇ بولالمىغان، مىلتىق ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قولى تىترىمەيدىغان ئادەم بولۇپ ياشاۋەرگەن بولاردى. لېكىن لومىيورس يېڭىلانغان دۇنيادا قىرىق نەچچە يىل ياشىدى. بۇ دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولدى. گېرمانىيىنىڭ خارابىلىقتىن ئۆمىلەپ قوپۇپ قەد كۆتۈرۈشى

ئۇچۇن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىشنىڭ مەنىسىنى شۇ چاغدا يەنى گۈزەل ياشلىقى كەلمەسكە كەتكەن چاغدىلا چۈشەندى. بۇچۈشەنچە «گېرمانىيە ئۈچۈن، فيۇرىر ئۈچۈن ئۆلۈش» دېگەن چۈشەنچىدىن چوڭقۇر، كەڭ مەنىگە ئىگە، ئۇ ھازىر ھايات ئىنسانىيەت، تەبىئەتئىككىسىنىڭ نورمال پائالىيىتى، ساپلىقى بىلەن گۈللىنەلەيدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. گەرچە بۇچۈشەنچىنى ئۇ ياشاۋاتقان تۇرمۇش، ياكوپ، يوداس، ماركوستەك دوستلىرى ئۇنىڭ ئېڭىدا پەيدا قىلغان بولسىمۇ بۇ چۈشەنچە ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ...

كۆلرەڭ، يالتىراق ماشىنا يوقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا مانا يەتتە سائەتتىن بېرى چېپىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ رولىدا يوقىرىقى سەرگۈزەشت ۋەخىياللارنىڭ ئېگىسى يۈكلۈق قوللۇق، ئاق چاچلىق، غۇژمەك قاش، قويۇق ئاق بۇرۇتلۇق، كۆك كۆزلۈك بوۋاي — لومىيورس سەزگۈرلۈك بىلەن ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ يوغان كۆك كۆزلىرى يانداپ ئۆتكەن ھەر بىر ماشىنىغا دىققەت بىلەن قاراپ قويىدۇ. يولنىڭ قاسىنىقىدىكى ماشىنا چىرىقىدىن نۇر ئېلىپ يولنى يورىتىدىغان ئەينەك چىراغلار قاراڭغۇنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغاچقا، يانداپ ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭغا ئېنىق كۆرۈنەتتى... مانا تونۇش قارا ماشىنا «بېن سى» ئۇنى يانداپ ئۆتتى. ئۇ كارخانىچىنىڭ قىسقا چاچ، قىزىل-يالتىراق يۈزلۈك چىرايى، ماشىنىسى بىلەن رەڭداش كاستۇم-بۇرۇلكىسى، سۇر گالىستۇكىنى ئېنىق تونىدى. كارخانىچى ھەتتا لومىيورسقا قاراپ كۈلۈپ قويىدى. لومىيورس ئۇنىڭ مەغرۇر چىرايىنى كۆرۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. لومىيورس ماشىنىسىنىڭ تېزلىكىنى ئاشۇردى. «كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ ماشىنا بىلەن ئۇرۇش كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، سۈرئەت سىترېلكىسىنىڭ 190 گە چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ قويۇپ، — دىياق، مەن بېنىڭ بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدىمغۇ؟ مەن ئۇ مەغرۇر، تەرسا خوتۇنغا خائىنلىق قىلىشنىڭ ئېمىلىكىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ ھالاك بولامەنمۇ؟ ياق، مەن بېنىڭ بىلەن بۈگۈن جەزمەن ئۇچرىشىمەن!...»

ئۇنىڭ ماشىنىسى كارخانىچىنىڭ ماشىنىسىغا يېقىنلاشتى. دەل شۇ پەيتتە ۋىۋىسكا يېزىلغان يان يولدىن بىر قىزىل ماشىنا ئوقتەك ئۇچۇپ چىقتى-دە، كارخانىچىنىڭ ماشىنىسىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇلدى. ئىككى ماشىنا ئوت، دەھشەتلىك ئاۋاز ئىچىدە كاللە-موللاق بولۇشتى-دە، بىرسى ئوتتۇرىسىدىكى توساققا، يەنە بىرسى بېرىقى قىرغاققا ئۆرۈلدى.

لومىيورس ماشىنىدىن قاڭقىپ چىققۇچىنىڭ قىسقا، بۇدرە چاچلىرىنى تونىغاندەك قىلدى غىل-پال كۆرۈنگەن بۇ باش كۈچ بىلەن قاڭقىپ چىقىپ سېمونت قىرغاققا ئۇرۇلدى-دە، يوقىرى سۈرئەتلىك يولغا قىپقىزىل قان ئېقىپ چىقتى. لومىيورس چاققانلىق بىلەن ئىككى ماشىنا ئۇرۇشقاندىن كېيىنكى پۇرسەتتە فان كېچىپ ئۇلاردىن ئۆتۈپ كەتتى. سېكۇنت ئارىلىقىدا پاجىئەنى كۆردى-دە، ئۇچقاندەك ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بەشمىنۇت ئۆتمەي ماشىنا رادىئوكارنىيىدىن ئاپتوماتىك خەۋەر تارقاتقۇچى تۆۋەندىكىنى خەۋەر قىلدى:... شىنھەردىن 27 كىلومېتىر 13 يېرىم مېتىر يىراقلىقتا قاتناش قائىدىسىگە ئاشكارە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى، قىزىل «×××» ماركىلىق ماشىنا ھەيدىگۈچى ئايال ئۆز ماشىنىسى بىلەن «بېن سى» ماركىلىق «07 36» نومۇرلۇق ماشىنىغا كېلىپ ئۇرۇلدى. ھەر ئىككى ماشىنىنىڭ ئىگىلىرى ئۆلدى، ماشىنىلار كۆيۈپ كەتتى.

يولۇچىلار ئۆز ئورۇنلىرىڭلاردا يىگىرمە مى-
نۇت كۈتۈپ تۇرۇڭلار، يىگىرمە مىنۇتقىچە
بۇ يولدا قاتناش توختىتىلىدۇ».

«ھەيدى! — دەپ ۋاقىرىدى لومىيورس غەزەپ
بىلەن، — مەن قىلىدىغان ئىشنى نېمىشقا تارتى-
ۋالىسەن!

ئۇ چارچىغان، روھسىزلانغان ھالدا يودا-
سنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈش-
تى. ئۇمەس ئادەمدەك ئىشىك قوڭغۇرىقىنى
قايتا - قايتا قوپاللىق بىلەن باستى.

ئۆيدە ئۈچ ئاغىنە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتات-
تى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا قانغا بويالغان
ئىككى جەسەت، كۆلگە ئايلانغان ماشىنىلار
كۆرۈنمەكتە.

ئاغىنىلەر جىمجىت، ئۇلارنىڭ چىراي-
لىرىدا غەلىبە شاتلىقى يوق ئىدى.

— ھەيدى! — دەپ ساقىلىنى چاڭگاللىدى
ياكوپ.

— نېمىشكە مەن سېنى ئۆلگەندىن كېيىن
چۈشىنىۋاتىمەن ھە؟

— ئۇ بىزنى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى!

— ياق، ئۆزىنىڭ ئىززەت ئابرويىنى قوغ-
داش ئۈچۈن!

— ياق، ھەقىقەتنى قوغداش ئۈچۈن!

— ياق، مۇھەببەتنى قوغداش ئۈچۈن!

— ھەممىسى بىرگە! — دېدى لومىيورس
بىر ستاكان ھاراقنى تىترەپ تۇرغان قول-
لىرى بىلەن كۆتۈرۈپ!

تېلېۋىزىيە دىكتورى سۆزلىمەكتە:

«كارخانىچى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈل-
گەن. قاتىل ئۆزىمۇ ئۆلگەن. لېكىن خەلق-
ئارا رىقابەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قابى-
لىيەتلىك، ۋىجدانلىق، ياش كارخانىچىنىڭ
قاتىللىرىدىن ھايات تۇرۇۋاتقانلىرىمۇ بار.
گېرمانىيىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنى
ئاتىغان كارخانىچىنىڭ بۇ دۈشمەنلىرى سو-
رۇشتۇرۇۋاتىدۇ...»

يوداس تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى. ياكوپ ئۇ-
نى قۇچاغلىدى:

— ھەممە ۋەرەقلىرىنى كۆيدۈرىۋېلى! —
دېدى يوداس قەغەزلەرنى غىجىملاپ!

— ياق، — دېدى ماركوس ئۇنىڭ قولىغا
ئېسىلىپ، — بۇ قەغەزلەر سىزنىڭ ھالال ئىشە-
مىزنىڭ ئىسپاتى، بۇلا تارىختىن ئورۇن
ئالىدۇ!

— قوقماڭلار، — دېدى لومىيورس، — ئەينىدىكى
قان تۆكۈش ئۈچۈرىتى مېنىڭ، مەن قېرى چې-
نىم بىلەن سىلەرنى قوغدايمەن!

— نۆۋەت بېئاكنىڭ ئەمەسمىدى؟ — مار-
كوس بوۋايدىن سورىدى.

— ياق، ۋاز كەچتىم، — دېدى لومىيورس، —
ھېلىقى تەھدىت خېتىنى مەن يازغان ئۇ ئە-
دى ئىناۋەتسىز!

— ھەيدى! — دەپ ۋارقىرىدى ياكوپ، —
مېنى ئەپۇ قىلغانىمدىك زادى؟

— يىغلىما، ئۇ ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلدى؟

— ياق، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلدى!

— ئىككىسى بىرگە، — دېدى ماركوس سال-
ماق بىلەن، — ھەقىقەت بىلەن مۇھەببەت
ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلمىغىنى بى-
لەن ئىككىسى بىرگە!


مەن ھەيدىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقى-
مەن! — دېدى يوداس ياشلىق كۆزىنى سۈرتۈپ، —
ھازىر بۇ ئىشنى باشلايمەن!

— ئاھ، بېئاك نېمە بولۇپ كېتەر، باللى-
رىمچۇ تېخى! — ماركوسمۇ كۆز يېشىنى سۈرتتى.

ئۇلار يىغلاشتى. بۇ ھېكايە ياكوپنىڭ كېپى
بىلەن ئاخىرلاشتى!

— بىز ئىشىمىز، شۇڭا قىلىدىغان ئىشىمىز
ھەممىدىن كۆپ!

1987 - يىل بىرلىن — 1988 - يىل ئۈرۈمچى




## ھايات قايناق ھەرجايدا

توختى سابىر

جانلانماقتا دەۋرىمىز تەڭكەش بىر خىل رىتىمدا،
تۆس ئالماقتا ھەممە جاي كۈندە تېزدەك ياسىنىپ.
سىرلىق ئەمەس بىز ئۈچۈن ئەمدى زامان ئىشلىرى،
جۇش ئۇرماقتا ھەممە سەپ كوك دېڭىزدەك چايقىلىپ.

بىلدى ئەمدى ئادەملەر گۈزەللىكنىڭ سىرىنى،
ياسانماقتا سۈرەتتەك تۈزەپ قامەت-ھۆسنىنى.
قالمىساقلا غەپلەتتە بەخت دېگەن بىزگە يار،
يېڭىلايلى ھەر كۈندە دەۋرىمىزنىڭ تۈسىنى.

ئۈرۈمچى 1988.5.26 كۈنى

## دەپتەر بىر كىشى

دەپتەر بىر كىشى ئوغلىغا قاراپ،
نېچۈن ئۆسمەيدۇ ئەقلىڭ كۈن ساناپ.
شوخلۇق قىلمىغىن تويدى قورساق دەپ،
كۆلكىگە قالما ئېيتىپ قۇرۇق لاپ.

ئۆزۈڭچە پاتماي بىزنىڭ مەلىگە،
قاتراپ يۈرمە تامدىن تام ئاتلاپ.
ئۇخلاپ كۈندۈزى، قاراڭغۇ-كەچتە،
دەرسىنى يادلىما قارىچە ۋارقىراپ.

كەلگۈن بولمەن دېگىنىڭ بىلەن،
سۆيۈك بولمىسا يۈزۈڭ يۈغىدەك.
بىلگىنىڭ تېخى بىلىم تامچىسى،
بىر تامچە سۇدىن تاشامدۇ كۆلچەك؟

ئۈرۈمچى 2. 7. 1987

## شۈكرى ئاللاھ ھەققىدە

بەزىلەر شۈكرى قىلار ئايغا قاراپ،
ئۆمرى يۈمشاق ئۆتكىنىگە قىپ تاۋاپ.
چوڭ كۆرۈپ پەشتاقنى پەندىن ھەسسىلەپ،
چۆكۈرۈپ باشنى ماگار تەسۋى ساناپ.

سەللىنى قايرىپ قويۇپ پەن ئىزدىمەي،
ئوغلىنى تالىپ قىلار تەلەي سىناپ.
«مۈشكۈلۈم ئاسان بولار» دەپ ئۇ ئاتا،
ئۆمرىنى نابۇت قىلار يۇلتۇز ساناپ.

بۇ زامان پەننىڭ زامانى بىل چوقۇم،
پارلىماقتا بۇ ھەقىقەت كۈن ساناپ.
ھۆرلۈكۈڭ-ئەركىنلىك كېلەر پەن باغىدىن،
مۈشكۈلۈڭ بولغاي ئاسان كۆرگىن سىناپ.

ئۈرۈمچى 20.2. 1988

## بۇ قەيەر؟ بۇ خوتەن

(بۇ قەيەر؟ بۇ خوتەن» دېگەن بەزمىنى كۆرگەندىن كېيىن)

شادلىق ئىلكىگە تولدى ۋۇجۇدۇم،
«بۇ قەيەر؟ بۇ خوتەن» ئاتلىق بەزمىدە.
ئېچىلىپ پەردىلەر لەرزان ساز بىلەن،
ناخشىلار ياڭرىدى دولقۇن ئەۋجىدە.

ئېقىپ چۈشكەندەك يەرگە يۇلتۇزلار،
چىقتى سەھنىگە ھۆردىلەر-پەرىلەر.
دىلنى مەھلىيا ئەيلىدى ھەيران!
ئاھۇ كۆزلەردىن چاقناپ جىلۋىلەر.

قايىللىقىمدىن دېدىم مەن شۇدەم:
«سەپسىز سەنئەتكار تۇغقان خوتەنكەن.
سەنئەت كۆكىدە چولپاندەك پارلاپ،
ھەر سەپتە زەپەر قۇچقان خوتەنكەن.»

خوتەن 1987 - يىل ئۆكتەبىر.

## بۇ كىمنىڭ قىزى

ئۆزىچە غادىيىپ مەلىگە پاتماي،
كۆلكىگە قالغان بۇ كىمنىڭ قىزى.
تويىمۇ تـوي يۈرۈپ يىگىت تاللارمىش،
لېكىن.ھېچكىمنىڭ چۈشمەيتۇ كۆزى.

تانىسىدىن كەلمەي يۈرسە تالادا،
بولماسمىش ئۆيدە ئىزدەك-سورىقى.
قىزنىڭ ھۆسنىدۇر شەرمى ۋە ھايا،
ئاتا-ئانا چۈن يۈزىنىڭ يورۇقى.

كۈن بويى پەداز قىلاركەن، بەزەن-
سىگا قېشىغا يەتمەس ئوسمىسى.
كەلسە نايناقلاپ كەرەشمە بىلەن
كېلەر كىشىنىڭ شۇئان قۇسقىسى.

ئوتتۇزدىن ئېشىپ بولدى«قېرى قىز»
ئۇ نايناق قىلدى ئۆزىگە ئۆزى.
ئۇ قىز ھەققىدە قىلسا كەپ تولا،
چۈۋۈسا چىقار بىر پاتمان مېزى.

ھۆسنى ئۇنچىمۇ سەت قىز ئەمەستى،
غەيرىي خۇلقىدىن سەتلەشتى يۈزى.
كۈلۈش ئورنىغا«تۆۋە»دېگۈلۈك،
ھەممىمىزنىڭ بار ئەمەسمۇ قىزى.

ئۈرۈمچى 1988- يىل مارت.

**ئىمىن ئەھمىدى**

## دەريا، دېڭىزلار

ئۆزۈمنى جۇجىياڭغا تاشلىدىم بۇ دەم،
لېكىن دېڭىز تامان قاراپ ئاققۇم يوق.
سەن ئۈچۈن ئەركىنلىك دېڭىزدا دەرسەن،
ماڭا دەريادىلا بارچە ئۇلۇغلۇق.

كۆرمىدىڭمۇ قىرغاق ياقىسى گۈلزار،
دىمىقىمغا ئىپار ھىدى پۇرايدۇ.
مېنى قۇتقۇزۇشقا قولۋاقتا ھەر بار
قىزلار يۈرىكىمنى بەختكە ئورايدۇ.

غۇلاچلاپ سۇ ئۈزۈپ ئالغا ئىنتىلسەم،
ئۇچىدۇ كۆكسۈمدىن تامچا قولىغا.
رازى بولماس دەمسەن مېنى شۇ مەھەل.
چۈشۈپ قالسام ئۇنىڭ ئىشقى تورىغا.

يېنىمدىن سوزۇلۇپ ئۆتكەن كېمىلەر،
گۈدۈك ساداسىدىن بېرىدۇ سالام.
كەچتە ماچتا ئارا يانغان چىراغلار،
نۇرىدا ئەلەمسىز تاپىمەن ئارام.

گاھى ئېقىن مېنى قايىنامغا تاشلاپ،
سۆيۈپ لەۋلىرىمدىن، سالىدۇ گىرە.
گاھى ئاق بۇژغۇنلار چېچىمنى تاراپ،
رام قىلماق ئىزدەيدۇ مېنى ئۆزىگە.

دېڭىزلار بولماقچى ئىدى قانچىلىك،
ئۇنىڭ دولقۇنلىرىنى كۆرمىگەن دەمسەن؟
تارىم سۇلىرىغا چۆمۈلۈپ قېنىپ،
بەخت تاپقانلىرىمنى تېخى بىلمەمسەن؟

دېڭىزغا ئاقسام گەر قەيەردە قىرغاق،
كىرەرمەن نـاتونۇش سۇلار قوينىغا.
مەن ئۇچاغ قايسىنى جۇجىياڭ سۆيى دەپ
يۈرەرمەن ئېسىلىپ كىملەر بوينىغا.

ۋە بەلكىم خادا تاش ئۈزرە سوقۇلۇپ،
ۋەھشى بېلىقلارغا بوپ كېتەرمەن يەم.
ئەۋلادلار ھالىمغا ئەشئارلار توقۇپ،
تىللىشار، تاپارمەن تۆكمەس ئەلەم.

قولۋاقتا ئەگەشكەن قىزلارمۇ قالار،
ماكانسىز، يارسىز بولارمەن سەرسان.
دېڭىز يەنە كونا مۇقامدا ئاقار
قەلبىم قاچىسىغا قويۇپ پۇشايمان.

شۇڭا مەن ئۆزۈمنى جۇجىياڭغا ئاتتىم،
لېكىن دېڭىز تامان قاراپ ئاققۇم يوق.
ئۇ ئەركىن، ياپيېشىل، كەڭرى، بىتېنىم،
تېپىلمايدۇ دەريا كەبى ئۇلۇغلۇق.

1987- يىل ماي، گۇاڭجۇ

## تاسادىپىي سۆيگۈ

چاي ئىچتىممۇ قولۇڭدىن ياكى،
مېنى مەسخۇش قىلغۇچى شاراپ.
ئۆرە تۇردۇڭ يېنىمدىن كەتمەي،
مەن ئولتۇردۇم كۆزۈڭگە قاراپ.
ھاياتىمدا كۆرگەن گۈزەل كۆپ،
قويۇپ بەرگەن ئوخشاش ئىچىملىك.
لېكىن تەمى قالمىغان تىلدا
قىلغانىمدىم ئىكەن كىچىكلىك.
ئەمدى بىلسەم قويغانلىرىڭغا،
يۈرىكىمنى قوشمىغان ئىكەن.
قەدەھلەرنى توشقازسىمۇ لىق،
كۆڭۈل زىنھار توشمىغان ئىكەن.
مانا بۈگۈن ماڭا تىكىلىپ،
تۇتتۇڭ يېرىم قەدەھ مەيىڭلا.
مەن ئۇتتۇمغۇ دىلىڭنى دېسەم،
سەن ئۇتتۇپسەن، ئۇتساڭ مەيلىلا...

1987 - يىل ماي جۇخەي

## سۇ پەرىسى

ھۆكۈرەپ نەرە تارتىپ كەلدى دولقۇن،
قۇچاقلاش ئىستىكىدە مەيدە ئاچتىم.
ئوق بولۇپ تەككىنىدە مارجانلىرى،
گەۋدەمنى زەربىسىدىن ئېلىپ قاچتىم.
سوزۇلدى نازۇك قولى ئايىغىمغا،
ئەقلىمدىن جۇدا بولۇپ قىيا باقتىم.
بېلىمنى چىرمىۋالدى تال-تال چېچى،
مەھلىيا بولۇپ شۇدەم بىرگە ئاقتىم.
بىلمەيمەن مېنى تاشلاپ كەتتى قاچان،
ئەلەمدىن يۈرىكىمنى نەمگە ياقتىم.
ئۇ ماڭا ھەم مېھرىبان، ھەم رەھىمسىز،
بىر نەرسە يوقاتتىممۇ ياكى تاپتىم؟
قىيالار سۆزلەپ قالدى ئېغىر تىنىپ:
ئەي نادان ئويناشقىنىڭ سۇ پەرىسى،
بىلمەمسەن باشتا ھەۋەس، ئاخىر ئازاب،
ھەر قانداق مۇھەببەتنىڭ شەجەرىسى...

1987 - يىل ماي ئاۋمېن

## سەنئەتكار

زەڭگەر ئاسماندىكى قۇشلار ھەم
قىلالمايدۇ سەنچىلىك پەرۋاز.
نازۇك تېنىڭ تولغانسا بىردەم،
تاڭ قالىدۇ ھەر نە چەۋەنداز.
سالقىن ئارا ئېگىلگەن مەجنۇن،
بىلىكىڭدىن ئالغانمۇ ئەنداز؟
شوخ ئاھۇدەك سەكرەشلىرىڭگە،
ياقمىسنى تۇتقانمۇ نەر باز؟
يۈزلىرىڭدىن كۈلكە كەتمەيدۇ،
كۆزلىرىڭدە ئالەمشۇمۇل ناز.
يۈرىكىڭدە ئىشقى- مۇھەببەت،
چىرايىڭدا دائىم باھار- ياز.
ئىككى مەڭزىڭ ئوتتەك قىزارغان،
لازىم ئەمەس تىرناقچە پەرداز.
ئۇيغۇر قىزى دېگەن دەل ئۆزۈڭ
ھەسەتخورلار بەرمىسۇن ئاراز.
بىر قارىسام تاجىك بالىسى،
پامىر ئۈچۈن كۆزۈڭدە گۈلخان.
بىر قارىسام ئۆزبېك گۈزىلى،
لەرزان دەسسەپ كۆڭۈلنى ئۇتقان.
بىر قارىسام يىراقلاردا سەن،
ئايىغىڭدا چايقىلار ئوكيان.
بىر قارىسام كۆز ئالدىمدا سەن،
تەگرىتاغقا بېرىپ ھاياجان.
بىلگەن، ناخشا- ئۇسسۇل ماكانى،
ئېزىز يۇرتۇڭ ئالەمنى تۇتقان.
دەل سەن كەبى سەنئەت پەرىسى
بىزنى جاھان ئارا تونۇتقان.
يوق دەمسىنا بۈگۈنكى كۈندە،
بۇ تارىخنى تۈگەل ئۇنتۇغان؟
ئەنئەنىنى قىلىپ پەر ياستۇق،
تۆھپىلەرنىڭ ئۈستىدە ياتقان؟
ئۇسسۇلچىلا دېپتىمەن سېنى
باركەن يەنە بۇلبۇلچە ئاۋاز.

ئىچ-ئىچىدىن تۆكۆلسە گەۋھەر،
ئاڭلاپ-ئاڭلاپ دەيمەن ئەجەپ ئاز.
ئاخشىچىمۇ دىبسەم شۇ مىنۇت،
ھەمراھ بولار قوللىرىڭغا ساز.

ھەممە سەنئەت سەندە مۇجەسسەم
ئاتا-ئاناڭ بولغانمۇ ئۇستاز؟
ھەر كۆرگەندە سىنى، قەلىمىم
دەيدۇ ماڭا مىسرالارغا ياز.

تاڭلا يىڭىش تاپساڭ سەھنىدە
شىئىرلىرىم ساڭا پايانداز...
1987- يىل ئاپرىل ئۈرۈمچى

## يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ساياھەتچى پاقىلىرى

(ئۇزۇمگە مەسخىرە)

ئىككى پاقا ئۇچرىشىپ قالدى،
بىرى يەردە- بىرى ھاۋادا.
يەردىكىسى تەئەججۇپلىنىپ
سۆزلەپ قالدى قىرىندىشىغا:
—ئەي توغقىنىم، سەن بىلەن مىنىڭ
ماكانىمىز ئىدى زەي سازلىق.
لىكىن بىر چاغ ئۆردەكلەر بىلەن،
چۆنق چىشلەپ قىلدىڭ سەربازلىق.
ئۇچۇپ ئۆتتۈم يىزا-قىشلاقتىن،
چوڭ-كىچىكلەر ئەيلىدى ھەۋەس.
كىمنىڭ ئەقلى دىگەن دەقىقە
مەن، دەپ ئىغىز ئاچتىم بولدى، بەس!
باشپانا-ھىم چۆنقتىن ئاجراپ،
چۈشۈپ كەتتىم سىپسىق كۆلچەككە.
چىۋىن تۇتۇپ ياشىدىم تەنھا،
ھازىرغىچە شۇ يەردە يەككە،
نەسىھەتتىم ئايروپىلانغا.
چىققىنىڭنى سورىسا بىر كىم،
ماڭا ئوخشاش يىقىلماس ئۈچۈن
چىقارما ئۈن، دىمىگىن لام-جىم...
ھاۋادىكى پاقا بۇ سۆزگە،
باش ئىغىتتى، قىلمىدى پىسەنت،
—يىگىرمىنچى ئەسىر تۇرسا بۇ،
كونا خامان سورۇپ يۈرسەن.
ئولتۇرغىنىم مۇشۇلا ئەمەس.
بىلسەڭ يەنە ئالەم كېزىمىسى.
ئاران كەلدى قىسقا ئۆمرۈمدە
ھاياتلىقنىڭ راھەت مىۋىسى.
كىمنىڭ ئەقلى، دىگەن سوئالغا
ئىغىز ئىچىپ يۈرمەيمەن زىنھار.
گىزىت-ژۇرنال، رادىئو، يىغىن
مەنلىگىمنى قىلىدۇ ئىزھار.
مەن ئەزەلدىن يىرگىنىش مەخلۇق
ساياھەتكە ئەمەس ھەرگىز باپ.
ئەقىل دىسەڭ تىرناقچىلىك يوق،
خۇشامەتتىن چالالمايمەن داپ.
ئەڭ ئەسكىسى مىنى ئۇچۇرۇپ
ھەممىدىن بەك ئاقىل دىگەنلەر.
مەمنۇن بولۇپ دەكەشپىياتەدىن
ھەمراھبولۇپ چىپىپ يۈرگەنلەر...
مىنى پاقا ياراتقان خۇدا،
لىكىن، ئەرباب قىلغىنى ئادەم،
ماڭا ئوخشاش بولارسەن بەلكىم
زەيدە ياتماي ئەلنى كۆزەتسەڭ.
1987- يىل

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

### ئۇ...

ئۇ تۈنلىرى ئۇيقىدىن بىدار
ئىجاد قىلدى، تەۋرەتتى قەلەم.
مىنۇتلارغا ئىمز سىلىپ ئۆتتى،
نەزەرىدە بىپايان ئالەم.

ئۇ ئويلىدى ئىنسان بەختىنى،
كەلگۈسىنى ئانا ۋەتەنىنىڭ.
قان-تەرىنىڭ شىرىن مىۋىسى
يۈرىكىگە زوق بەردى ئەلنىڭ.

بىلىم ئىزلەپ چەكتى رىيازەت،
مەھرۇم قالدى قانچە راھەتتىن.

قىزىقىمىدى ئەمەلگە پەقەت
دۇرلار قازدى ۋاقىت-پۇرسەتتىن.

ئاتىمىش يىلنى ئۆتكۈزدى شۇنداق،
چاچ-ساقىلى ئاقاردى ئاپئاق.
يۈزلىرىنى باستى قورۇقلار،
ئۈمىد شامى ئۆچمىدى بىراق.

جانغا زامىن كېسەل ئاقىۋەت
ئەزرائىلنى كەلگەندە باشلاپ.
تەۋرىمىدى، دەپ:«يوق ئارمىنىم،
ئۆلدۈم ۋەتەن، خەلقىم دەپ ياشاپ».

كەتتى شۇنداق يىللار كۆكسىگە
مەڭگۈ ئۆلمەس ھەيكىلىنى تىكلەپ.
ئۇنىڭ ئەجرى چىنار دەك كۆكلەپ
دەۋرىمىزگە چاچتى مۇھەببەت.

قانچە شائىر يازدى مەدھىيە
ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامىنى يادلاپ.
نېمە ئارمان چەكلىك ئۆمۈردە،
ئۆتسە كىشى ئۇنىڭدەك ياشاپ.

## ئالتۇن خاستۇر قەلبى يۇلتۇزغا

قولىرىڭدا قوش ئالتۇن ئۈزۈك،
قۇلىقىڭدا ئالتۇندىن ھالقا.
بىلىكىڭدە ئالتۇن بىلەزۈك،
مەيدەڭدىمۇ ئالتۇن بۇلاپكا...

چۈمۈلۈپسەن ئالتۇن بېزەككە،
كۆز-كۆز قىلىپ كىزىپسەن ھەريان.
ئەپسۇس، سىرتىڭ زور بولغان بىلەن
دىل بېغىڭدا ئۇنۇپتۇ ئازغان.

نەھاجىتى ئالتۇن بېزەكنىڭ
ساڭا ئوخشاش ئاينىغان قىزغا.
ئالتۇن خاستۇر يۈرىكى ئالتۇن
ئەلنىڭ قىزى قەلبى يۇلتۇزغا.

## ھايات دېمەك

ھايات دېمەك ۋىسال گۈلشىنى،
ھايات دېمەك جۇدالىق كۈيى.
ھايات دېمەك ئۈمىد يالقۇنى،
ھايات دېمەك ھەسرەت كەلكۈنى.
ھايات شۇنداق چەكسىز زىددىيەت
ھاياتتا سىر، ھاياتتا ھېكمەت.

## قاپتۇ بارماقتا سانىغىدەكلا...

ئولتۇرىمەن
قولۇمدا قەلەم خىيالغا چۆمۈپ.
دەيمەن پىچىرلاپ:
«ئۆتۈپتۇ ئالەمدىن
سانسىز شائىر، يازغۇچى، ئەدىپ.
زامانلار سىنىقىدىن ئۆتۈپ،
قاپتۇ بارماقتا سانىغىدەكلا!
ئالەم كۆكىدە چولپان بولۇپ
ئىنسانىيەت قەلبىگە يېزىلىپ...»

## سۆيگۈ ئوتىدا

بورانلار توزۇتتى ياشلىق گۈلۈمنى
قەلبىم سۇ ئىچمىدى چىن مۇھەببەتتىن.
بولاققا ئىنتىزار تەشنا بوتىدەك
چىن سۆيگۈ ئوتىدا ياندىم بۆلەكتىن.

## يەر تەۋرىگەندە...

يەر تەۋرىدى، كەلكۈن يامرىدى،
بىنالار ئۆرۈلۈپ بولدى قىيامەت.
چەيلەندى گۈل-چېچەك، يېرىلدى يەرلەر.
ئورمانلار ھوۋلىشى شۇنچىلىك دەھشەت.

بوۋاقلار نالىسى تىترەتتى تاغنى،
جېنىدىن ئايرىلدى قانچىلاپ ئىنسان.
ھەسرەتلىك دىللاردا تەبىئەت ھۆكمى،
تاغلارغا ئۇرۇلدى پەلەكتەك قىيان.

تەبىئەت قاقاھلاپ دېدى:«مەن غالىپ
ئالدىمدا تىز پۈكۈپ تىترەيدۇ ئىنسان.
شۇدەم بىر سادا كەلدى ۋولقاندەك:
«ھۆكمىڭنى ئىرادەم قىلىدۇ تالقان!»

بۇ سادا قۇدرەتلىك پەننىڭ ساداسى،
دەۋر تومۇرىدا ئۇرغىغان ساپ قان.
جور بولۇپ ئۇنىڭغا گۈللىدى يۈرتىنى
دەس تۇرۇپ ئورنىدىن مىڭلاپ قەھرىمان.

# يۇرت ئىشقى

## ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

ئاسمىنىڭدا يۇلتۇز تولا كەلپىنىم،
ھەر يۇلتۇزنىڭ ئۆزگىچە بىر چېھرى بار.
ئايمىقىڭدا ئوغلۇڭ تولا كەلپىنىم،
ھەر ئوغلۇڭنىڭ ئۆزگىچە بىر مېھرى بار.

مەنمۇ سېنى دىلدىن شۇنداق سۆيىمەن،
بوۋاق چېغىم ئۆز ئانامنى سۆيگەندەك.
ئەمدى بىلدىم كۆيەركەنمەن كەلپىنىم،
ساڭا خۇددى جانانىمغا كۆيگەندەك.

تەڭ قىلمايمەن جەننەتكىمۇ ئانا يۇرت،
يۇلغۇن قاشا-جىگدە ئۆسكەن بېغىڭنى.
ئارچىزارلىق تاغلاردىمۇ سېغىندىم،
سايلىرىدا شىۋاق ئۆسكەن تېغىڭنى.

(تاغلىرىڭنى نېچۈك قاقاس دېيەلەي؟
يىراق بىلەن كۆيۈپ كەتكەن گىياسى.
چاقناپ تۇرار ھەر چوققا، ھەر قىيادىن،
ئىشتا پىشقان ئوغلانلىرىڭ سىماسى.)

كەتمەيدىكەن كۆز ئالدىمدىن سۈرىتىڭ،
يۇرەي شياڭگاڭ مەيلى بومباي، تېھراندا.
جەسىتىممۇ سېغىناركەن توپاڭنى،
قالسا قەبرەم مىسىردىكى ئېھرامدا.

ئۈرۈمچىدە ئاق بوغدىغا چىقىمەن،
كۆرۈنىدۇ شۇنداقىسىل① تاغلىرى.
گۆدەكلىكىم قالدى ھەۋەي② ئاغزىدا،
يەتتە قىشنىڭ شىۋىرغانلىق چاغلىرى.

ئىستىقبالنىڭ قايغۇسىدا يىقىلسام،
يېشىم ئۆيۈپ قالغان ھەر تاش ئۈستىدە.
ھوقۇش كەتسە قۇزغۇن ئەگىپ يۈرەتتى،
ئىش كۆرمىگەن بۇ گۆدەك باش ئۈستىدە.

ئۇنتۇمايدۇ كىشى ئاسان دۇنيادا،
باللىقتا باشقا ئېغىر كۈن كەلسە.
مۇھەببەتنىڭ لەززىتىمۇ ئۆز يولى،
قىساس كەبى شېرىن بولماس ھېچ نەرسە.

تەقدىرىمىز شۇ چاغ ئوخشاش كەلپىنىم،
خاراپ بولدى باغلاردىكى نوتاگىمۇ.
سايدا ھەتتا قۇرام تاشمۇ «دات!» دېدى،
جىلغىلاردا كۆكلەپ قالغان پۇتاگمۇ.

قالدى قىساس شۇ زاماننىڭ بويندا،
مەيلى، يۇرتتا قىسمىتىمگە نە ئەيىپ.
باشقا كەلگەن دەردۇ-دىشۋار، ئەلەمگە،
كېتەلەيدۇ ئۆز يۇرتىدىن كىم تېنىپ.

ئۇلانبايىنىڭ تاللىقىدا سېغىندىم،
بېلىقلىقتا③ كېچىپ ئىچكەن سۇيۇڭنى.
ھەشەمەتلىك تانسىلاردا ئەسلىدىم،
ئايدىڭدىكى ئۆگزە ئۇزرە كۈيۈڭنى.

* *

ئىزدىم قالغان ئېشەك ھەيدەپ يايدۇدا ④،
يالىڭاياغ تاغلار ئېشىپ يايلۇدا ⑤.
ماڭغىنىمدا يىغلاپ قالغان ئۇن سىڭلىم،
ئاتەش يېنىپ ئاق چاچ ئاتام باغرىدا.

ئۇزاتقانتى خەنجەر بىسلىق تاغلىرىڭ،
ئاق بۇلۇتتىن شايى ياغلىق يەلپىتىپ.
ئايرىلىشتىن ئوت ئالغاندا ۋۇجۇدۇم،
سۆيۈپ قويغان شاماللىرىڭ سەكتىپ.

كىندىكىمنىڭ قېنى سىڭگەن توپاڭنى؛
سۈرمە قىلىپ كۆزلىرىمگە سۈرتسەم.
تاش ئۈستىدە ئوينىپ كەلگەن سۇيۇڭنى،
زەم - زەم قىلىپ يەر - زېمىنگە پۈركسەم.

قانداق ئوغلۇڭ بولالايمەن كەلپىنىم،
مېھرىم دەريا تۇرسا ساڭا باشلىماي.
ساڭا ئاتاپ يىراقلاردىن گۈل تىزىپ،
چىم - چىم ئوغلان ⑥ تاغلىرىدىن تاشلىماي.

* *

مەن سۆيىمەن سېنى دىلدىن شۇنچىلىك،
بوۋاق چېغىم ئۆز ئانامنى سۆيگەندەك.
ئىشەن يۇرتۇم! كۆيەركەنمەن جانىمجان،
ساڭا خۇددى جانانىمغا كۆيگەندەك.

ئانام سۆيسەم سېنى سۆيگەن بولىمەن،
ئۆزۈڭ ماڭا بەخش ئەتكەن ئانامنى.
جانانىمغا كۆيسەم ساڭا كۆيگىنىم،
چۈنكى ئۆزۈڭ چوڭ قىلىپ بەرگەن جانانىنى.

ئۈرۈمچى — كەلپىن
1983 - يىل 20 - ئاۋغۇست

---

①②③④⑤⑥- يەر - جاي نامىلىرى




## ئۇسۇلچى قىز

**ئىمىن تۇرسۇن**

گۈل يۈزۈڭدىن گۈل خىجىل،
بويلىرىڭ گۈزەل - رەنا.
كۆرسە كىم بولغاي ئىجىل،
خۇيلىرىڭ ئەجەپ بەرنا.

چۆر گۈلىبەڭ سورۇندا،
ھەر قەدەمدە شوقلىنىپ.
ئولتۇر الماس ئورۇندا،
تاماشىبىن زوقلىنىپ.

كۆزلىرىڭنى ئوينىتساڭ،
كۆرگەن كۆزلەر قامىشۇر.
كۈلۈمسىرەپ قاش ئاتساڭ،
زاھىرلارمۇ قارىشۇر.

ئۇيغۇر قىزى ئوينىغىن،
خوي ياراشتىڭ سەھنىگە.
ئۇدۇمىنىمۇ قويمىغىن،
ئۆرلە يېڭى پەللىگە!

## پاسبان!

ئاي كۆرۈنسە ئاسماندا،
ئايدەك كۆزۈم پاسبان.
شوخ ياڭرىغان ناخشامدا،
شېرىن سۆزۈم پاسبان.

ئەللىگەندە بوۋاقنى،
تويلىغاندا قىزچاقنى؛
تولدۇرغاندا تاۋاقنى،
ئەسلەيمىز جان - پاسبان.

كىشمىش، ئانار يىگەندە،
قېنىپ قەن چاي ئىچكەندە؛
يېڭى ئېگىن كىيگەندە،
قىسىنغايمىز پاسبان.

## ياشلىق

**ساتتار توختى**

ياشلىق چېغىڭ ئۆمرۈڭنىڭ
باھار پەسلى، گۈل پەسلى.
ياشلىقىڭدا بىلىم ئال،
بول باتۇر ئەجداد نەسلى.

ياشلىقىڭنى تاۋلايدۇ
ئۇزۇن سەپەر بەيگىسى.
قۇچساڭ ئۇندا شان- شەرەپ،
مەنسۇپ ساڭا كەلگۈسى.

## ئەجدادلار ئىزىدىن

كەچتى قان ھۆرلۈك يولىدا
قەھرىمان ئەجدادلىرىم.
تەلپۈنۈپ ۋەسلىگە تاڭنىڭ،
باستى ئىز ئەۋلادلىرىم.

ئاتتى تاڭ، نۇرلاندى جۇڭخۇا،
كۈلدى بىزگە گۈل ھايات.

شان . زەپەرلەر ئاسمىنىدا
قاقتى ئەل مەغرۇر قانات.

قەھرىمان ئەجدادلىرىنى
ئۇنتۇمايمىز ياد ئېتىپ.
بۇ ئۇزۇن شانلىق سەپەردە،
ئەجداد روھىن شاد ئېتىپ.



# ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى

تۇرغۇن ئالماس

چىڭگىزخان (مىلادىنىڭ 1206- يىلىدىن 1227- يىلىغىچە قاغان بولغان) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۆكتاي خان (1228 — 1241)، گۇيۇك خان (1246 — 1248) مۆنكى خان (1251 — 1259) نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1206- يىلىدىن 1259- يىلىغىچە) شەرقتە تىنچ ئوكياندىن تارتىپ غەربتە دوناي دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايىغىچە ۋە شىمالدا سىبىرىيە دالىلىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا كىچىك ئاسىياغىچە بولغان نۇرغۇنلىغان يەرلەرنى ئىگىلەپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

مانا شۇنداق ئۇلۇغ ئىمپېرىيىنى قۇرغان موڭغۇللار خېلىلا قالاق ئىدى. ئۇلار دەسلەپ شەرقىي ئاسىيانىڭ دالىلىرىدا، ئورمانلىقلىرىدا، چۆللىرىدە ياشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يايلاق ۋە ئورمانلىق رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى ۋە تايانچ جايى قىلىشقانىدى. مۇنداق ئەھۋال مونكى خان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاغان بولغىچە (1251- يىلىغىچە) داۋام قىلدى.

موڭغۇللار ناھايىتى قالاق بولۇشىغا قارىماي جەڭگىۋار، باتۇر خىسلەتكە ۋە بەكمۇ چىڭ ھەربىي ئىنتىزامغا شەرتسىز بويسۇنىدىغان ئادەتكە ئىگە ئىدى. دالىدا، چۆل - باياۋاندا، قاتتىق تەبىئىي شارائىتتا ھايات كەچۈرۈش، چارۋا ماللارنى قىرغىنغا ئۇچرىتىدىغان، دائىم بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر (قارنىڭ قېلىن يېغىشى، قۇرغاقچىلىق يىللىرى، ئوت - چۆپنىڭ ئۈنمەسلىكى)، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى موڭغۇللارنى قىيىنچىلىققا چىدايدىغان، ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان ئادەتكە ئۆگەتكەنىدى. موڭغۇللاردا قەبىلىۋى مۇناسىۋەت ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللار چىڭگىزخاندەك ساۋاتسىز بولسىمۇ، ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار، بەكمۇ ھىيلىگەر، ئادەتتىن تاشقىرى تەشكىللاتچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە، كارامەت قەھرىماننىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگە ئىدى.

چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا بەل باغلىغاندىن تارتىپ، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ئىدى.

چىڭگىزخان ئالتايلىق، بەشبالىقلىق، تۇرپانلىق،قاراشەھەرلىك، قەشقەرلىك، خوتەنلىك ئۇيغۇرلاردىن يۈزلىگەن، مىڭلىغان قابىل كىشىلەرنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى، تاشقى چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك باش ۋەزىرى قىتتان شاھزادىسى يىلوچۇساي كۈنلەرنىڭ بىردە چىڭگىزخانغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئوقيايا ياسايدىغان ئۇستا كېرەك بولغاندەك جاھاننى سوراشنى بىلىدىغان ئۇستا كېرەك» ①

ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىنغان كىشىلەر تەجرىبىلىك سىياسىيونلار، ھوشيار، ئۇستا دىپلوماتلار، ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئەڭ نازۇك سىرلىرىنى بىلىدىغان ھەربىي ستراتېگىيىلەر، تاكتىكلەر، ھەربىي تېخنىكلار، چىداملىق، قەيسەر سەييالەر، دېڭىزچىلار، قورۇلۇش ئىنژېنېرلىرى، ئىلىم - پەنگە تونۇق ئالىملار، تۈرلۈك ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان تىلماچلار، شائىرلار، تارىخچىلار، خەتتاتلار، رەسساملار، مۇزىكانتلاردىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭگىزخان بىرىنچى قەدەمدە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىمال (شەرقىي سىبىرىيە) ۋە غەرب (شەرقىي ئالتاي)دىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغانىدى.

چىڭگىزخان مىلادى 1204- يىلى ئالتايدىكى نايمان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. نايمان خانى ئىنانچ بىلگەخاننىڭ ئوغلى تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا تايانخاننىڭ ئۇستازى ۋە تامغىچىسى ئۇيغۇر تاتاتوڭگا چىڭگىزخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

چىڭگىزخان تاتا توڭگانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇللاردا يېزىق يوق ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە باشقا موڭغۇل بەگلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىشى زۆرۈرشەرتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. تاتا توڭگا چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇستاز بولۇپ تەيىنلەندى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇنلىرى، يارلىقلىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىدا يېزىلدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىلخانىلار(مىلادىنىڭ 1258- يىلىدىن 1335- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ئالاقىلىرى ئۇيغۇرچە، پارسچە يېزىقتا يېزىلغان بولسا، چاغاتاي خانلىقى (1231 — 1370) بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى (1227 — 1502)دا بولسا رەسمىي دۆلەت تىلى، يېزىقى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى. چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار، تاتارلار، قىپچاقلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، تۈركلىشىپ، ئېتىقاد جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى. موڭغۇل خانلىرى ئارىسىدىكى ئورتاق تىل، موڭغۇل بەگلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىي تىل، رەسمىي سىياسىي ئالاقىلەردە قوللىنىلىدىغان تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىن مىلادىنىڭ 1210-يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قورۇلۇن دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا بېرىپ چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بەشبالىقلىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدا) ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىندى.

چىڭگىزخان مىلادى 1206- يىلى قاغان بولغاندىن باشلاپ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى باشلىدى. چىڭگىز خاننىڭ ئوردىسىغا توپلانغان ئۇيغۇر ھەربىي ئالىملىرى چىڭگىزخاننىڭ مىلادى 1215- يىلى جورجىت خانلىقى (1115 — 1234)غا قىلغان يۈرۈشلىرىدە ھەربىي مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاتناشقاندىن تاشقىرى، چىڭگىزخاننىڭ مىلادى 1219- يىلىدىن

1225- يىلىغىچە داۋام قىلغان غەرب ۋە شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرىدىكى ھەربىي مەسلىھەتچى بولۇپ بارغانىدى.

چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار جەلپ قىلىندى.

چىڭگىزخانلىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە قاتناشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئەڭ مەشھۇرلىرى بولغان تۇراقايا، بۇلادقايا قاتارلىقلار توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىزسۆز قىلىش يېتەرلىك.

تۇراقايا بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ھەربىي ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە قوللىنىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. تۇراقايا چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ خارەزم شاھ دۆلىتىگە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئىچىدە ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەربىي ئالىملاردىن ئىدى. بۇلادقايا بولسا چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان. ئۇ كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولىخاننىڭ ئورۇنباسارى بولغان. بەشبالىقلىق بۇلادقايا، چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215- يىل بېسىپ ئالغان جۇڭدۇ (جۇرجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى)غا ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئەلچى ۋە نازارەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن(مىلادىنىڭ1215- يىلىدىن 1223- يىلىغىچە) جۇڭدۇدىكى باش ۋالىي موڭغۇل سەركەردىسى موغالى ئىدى. موغالى مىلادىنىڭ 1223- يىل ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭدوغا بۇلادقايا ئەۋەتىلگەن. بۇلادقايا جۇڭدورا تۇرغان مەزگىلدە شىمالىي جۇڭگوغا موڭغۇللار نامىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ چاغدا جەنۇبىي جۇڭگو جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1227 — 1279) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.

موڭغۇللار مىلادى 1279- يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن تولىيخاننىڭ ئوغلى قوبلايخان 87 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368) قۇرغان، ئۇيغۇرلار مانا شۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھوقۇقلىرىنى ئىگىلەپ ئالغان.

قوبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدىكى (1279 — 1368) ئۇيغۇرلاردىن لەنشىەن(مىلادىنىڭ 1231- يىل تۇغۇلۇپ، 1280- يىلى ئەلەمدىن ئۆتكەن)، ساڭگا ( ؟ – 1291)، ئەھمەت (مىلادىنىڭ 1282 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئەلىيىغمىش (مىلادىنىڭ 1320 - ئالەمدىن ئۆتكەن)، مەڭگۇتىمۇر (13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، شىبان (مىلادىنىڭ 1197 - يىلى تۇغۇلۇپ 1276 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، موڭسۇز (13- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، ئەختەرىددىن (13- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن) قاتارلىق ئۇيغۇرلار خان بالىقتا (ھازىرقى بېيجىڭدا) ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاددىيلىقى، كەمتەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى، قابىلىيەتلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان لەنشىەن، موڭسۇز، مەڭگۇتىمۇر، شىبان، ئەل يىغمىش، ئەختەرىددىن قاتارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش كېرەك.

لەنشىەن مىلادىنىڭ 1231- يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەشبالىقتا تۇغۇلغان. ئۇ قوبلايخاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان. مىلادىنىڭ 1259- يىلى مۆنكە قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارا قورۇمنى ساقلاشقا تەيىن قىلىنغان ئارىغ بوقا (قوبلەيخاننىڭ ئۇكىسى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارا قورۇمدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانلىق ئورنىنى تارتىپ ئالماقچى بولىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق جىددىيلەشكەندە، قوبلايخان مىلادىنىڭ 1260- يىلى لەنشىەننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن قاغان سايلاشتىكى ئەنئەنىسىگە خىلاپ ھالدا كەيپىندە ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى دەپ جاكارلايدۇ.

شۇندىن باشلاپ قوبلايخان بىلەن ئارىغبۇقا ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى. قوبلايخان ئارىغبۇقانى تار - مار كەلتۈرۈپ، قاراقورۇمنى ئىگىلەپ ئالدى. مىلادىنىڭ 1264- يىلى ئارىغ بۇقا قوبلايخانغا تەسلىم بولدى.

موڭغۇللار مىلادى 1270- يىلى پۈتۈن جۇڭگونى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، قوبلايخان يەن سۇلالىسىغا خان بولۇپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلدى. لەنشەن شۇندىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قوبلايخانغا باش ۋەزىر بولدى.

مەڭگۈرمۇ قوبلايخاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. قوبلايخان ئۇنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەندە، باش ۋەزىرلىكنى قوبۇل قىلمىغان. مەڭگۈر ناھايىتى ئەقىللىق، بەكمۇ بىلىملىك ئادەم ئىدى.

مەڭگۈتىكىن بولسا قوبلايخاننىڭ ئۇستازى ئىدى، قوبلايخان ئۇنىڭ تەربىيىسى نەتىجىسىدە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان شەخس بولۇپ يېتىشكەن.

شىبان بولسا مەشھۇر، ئۇستا دىپلومات ئىدى. ئۇ قوبلايخاننى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كېلىشتۈرۈش جەھەتتە ئۈنۈملۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان، شىبان ئوكتايخان بىلەن قوبلايخاننىڭ ئوردىسىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ مىلادى 1276- يىلى 79 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەسلى خوتەنلىك ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەھمەت قوبلايخانغا ۋەزىر بولغان. ئۇ ناھايىتى قابىل بولۇپ، باش ۋەزىرگە تەڭ ئابرويغا ئىگە ئىدى.

يەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانلىرى قوبلايخان، تۆمۈرخان، ئىسەنخانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 1270- يىلىدىن 1320- يىلىغىچە) مەشھۇر دېڭىز ساياھەتچىسى، دىپلومات ئەلىيغمىش ئاتالىق ئۇيغۇر بىرنەچچە قېتىم ھىندى ئوكيان ۋە ئوكيانىيىگە بارغان. ئەل يىغمىش مىلادى 1272- يىلىدىن باشلاپ ھىندى ئوكيان ۋە ئوكيانىيىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچى بولۇپ بارغان. ئەل يىغمىش دېڭىز ئوكيان ئارقىلىق ھازىرقى سىرىلانكا، ماۋرىيە (ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، ھىندى چىنى، ھىندونېزىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ قايتىشىدا چەت ئەل ئەلچىلىرىنى باشلاپ ۋە شۇ دۆلەتلەردە چىقىدىغان دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

قوبلايخاننىڭ ئەل يىغمىشنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا (ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرگە ۋە ھىندىستانغا)، ھىندونېزىيىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى شۇ دۆلەتلەر توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىدى. چۈنكى قوبلايخان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندونېزىيىنى بېسىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى تەييارلانماقتا ئىدى.

دېگەندەك قوبلايخان مىلادى 1279- يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شەرققە - ياپونىيىگە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا، ھىندونېزىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى.

قوبلايخان مىلادى 1280- يىلى يۈزلىگەن، مىڭلىغان كېمىلەر بىلەن تەمىنلىگەن. 165 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك چوڭ قوشۇننى (بۇنىڭ 120 مىڭى خەنزۇ ۋە كورېيىلىك جەڭچى) دېڭىز ئارقىلىق ياپونىيىگە ماڭدۇردى. لېكىن بۇ چوڭ تاجاۋۇزچى قوشۇندىن ناھايىتى ئۇرغۇنى تېنچ ئوكياندا بورانغا ئۇچراپ غەرق بولغان، نەتىجىدە موڭغۇللارنىڭ ياپونىيىگە قىلغان يۈرۈشى مەغلۇپ بولغان.

قوبلايخان ياپونىيىگە قىلغان يۇرۇشىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1283- يىلى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى ۋيېتنام، مالايىيا، بىرما، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئەل يىغمىش موڭغۇللارنىڭ ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرگە قىلغان يۇرۇشىگە قاتناشقان، ئۇ يەنە موڭغۇللارنىڭ 1293- يىلى ھىندونېزىيىگە قىلغان يۇرۇشىگىمۇ قاتناشقان. ئەل يىغمىش قوبلاينىڭ ھىندونېزىيىگە قىلغان يۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن (موڭغۇللار ئوكيانىيىنىڭ ئىسسىق ھاۋا كېلىماتىغا ماسلىشالماي ئىچ ئۆتكۈ كېسەلىگە مۇپتىلا بولغانىكەن) خان بالىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باش ۋەزىر ئورۇنباسارى بولغان. مىلادى 1320- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

قوبلايخاننىڭ ۋاقتىدا، ئەختەرىددىن ئاتلىق ئۇيغۇر ئىنژېنېر ئۆتكەنىدى. ئەختەرىددىن ئوردا ۋە شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان چادىر مەھكىمىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن.

ئەختەرىددىننىڭ شەرق تارىخىدىكى تۆھپىسى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى لايىھەلەپ بىنا قىلىشىدا.

بېيجىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. بېيجىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى — «يىلنامە دەۋرى» (مىلادىيىدىن 770- يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيىدىن 475- يىل بۇرۇنقى چاققىچە)، «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى» (مىلادىيىدىن 475- يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيىدىن 221- يىل بۇرۇنقى چاققىچە)دىكى يەن بەگلىكىگە پايتەخت بولغان، ئۇ چاغدا جىچېڭ (蓟城) دەپ ئاتىلاتتى. چىن سىخۇاڭ مىلادىيىدىن 221 يىل بۇرۇن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن جىچېڭ شەھىرى چېگرا مۇداپىئەسىدىكى مۇھىم شەھەرگە ئايلانغان. جىچېڭ شەھىرى خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادى 220- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، سۈي سۇلالىسى (581 — 618)، تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) دەۋرلىرىدىمۇ مۇھىم ھەربىي شەھەر بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (960 — 1279) جىچېڭ شەھىرىنى مىلادى 960- يىللىرى قىتانلار بېسىپ ئالغان. جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن جورجىت خانلىقى (1115 — 1234)، يەن سۇلالىسى (1279 — 1368)، مىڭ سۇلالىسى (1368 - 1644)، چىڭ سۇلالىسى (1644 — 1911) قاتارلىق تۆت سۇلالە جىچېڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

شەرقىي قىتان خانلىقى (916 - 1125) مىلادى 1053- يىلى جىچېڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ بېيجىڭ 800 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە.

تارىخى ئۇزۇن بولغان بېيجىڭنىڭ نامى تۈرلۈك تارىخىي شارائىتتا ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (168 — 907) يۇجۇ، قىتان خانلىقى دەۋرىدە (916 — 1125) پېيدۇ، يەنجىڭ (陪都 - 燕京)، جورجىت خانلىقى دەۋرىدە (1115 — 1234) جۇڭدۇ (中都) دەپ ئاتالغان. يەن سۇلالىسى دەۋرىدە (1279 — 1368) خان بالىق دەپ ئاتالغان. پەقەت چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا (1644 — 1911) بېيجىڭ (北京) دەپ ئاتالغان.

ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاساسىي يەن بەگلىكى (مىلادىيىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن)- نىڭ پايتەختى جىچېڭ شەھىرىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك شەرقىي قىتان خانلىقى، جورجىت خانلىقى دەۋرىدىكى يەنجىڭ، جۇڭدۇ شەھىرىنىڭ ئاساسىمۇ ئەمەس. بېيجىڭ پەقەت موڭغۇللار بىنا

قىلغان خان بالىق شەھىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى ھالغا كەلگەن.

چىڭگىزخان مىلادى 1215- يىلى جۇڭگوغا 2- قېتىم ناھايىتى چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، جورجېت خانلىقىنىڭ پايتەختى جۇڭدونى بېسىپ ئالغاندا، شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭدۇ شەھىرى بىر ئايدىن ئارتۇق كۆيۈپ، قورقۇنچلۇق بىر خارابىزارلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

مانا شۇ ۋەقەدىن 52 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىنىڭ 1268- يىلى) قوبلايخان جۇڭدو شەھىرىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە، يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، پايتەخت قىلىش قارارىغا كەلگەن.

ئەختەرىددىن قوبلايخاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان پايتەختنىڭ غايەت چوڭ، مۇرەككەپ لايىھەسىنى ئىشلەپ چىققان ۋە شۇ لايىھە بويىچە «خان بالىق» دەپ ئاتالغان پايتەختنى بىنا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان.

موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368)نىڭ ئۇنجى خانى قوبلايخاننىڭ زامانىسىدا خان بالىقنىڭ بىنا قىلىنىشى تارىختا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ.

«ئەختەرىددىننىڭ لايىھەسى بويىچە، بىرىنچى قەدەمدە يەرنىڭ قىيپاش شەكلىگە ئاساسەن، يەر ئاستى قانالىزاتسىيەسى ياسىلىپ سۇ ئاقىدىغان ساپال نوكەشلەر ئورنىتىلغان، ئىككىنچى قەدەمدە، خانلار تۇرىدىغان ئوردىلار تەبىئىي مەنزىرىسى چىرايلىق جايلارغا سېلىنغان. ئەختەرىددىننىڭ لايىھەسىگە ئاساسەن، ھازىرقى جۇڭخەنخەي ۋە بېيخەي كۆللىرى بىنا قىلىنىپ، خان ئوردىلىرى شۇ كۆللەرنىڭ ئىككى قىرغىقىغا سېلىنغان. ھازىرقى جىڭشەن باغچىسىنىڭ ئەتراپىغا خان ئائىلىسىنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسى بىنا قىلىنغان.» ②

خان بالىقنىڭ «كوچىلىرى چوڭ كوچا، كىچىك كوچا ۋە خۇتۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ خىل كوچىدىن ئىبارەت بولغان ... چوڭ كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 24 قەدەم، كىچىك كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 12 قەدەم ئىدى. شەھەرگە 364 چوڭ ۋە كىچىك كوچا، 2009 خۇتۇڭ ياسالدى.. بۇنداق كوچىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قاتناشنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىپ، كەڭ، تار قىلىپ ياسالغان. كوچىلارنىڭ كەڭلىكىنى ھازىرقى ئۆلچەمگە سېلىشتۇرغاندا، چوڭ كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 40 مېتر، كىچىك كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 20 مېتر كېلىدۇ» ③

خان بالىقتىكى ئوردىلار، كۆللەر، باغچىلار، كۆۋرۈكلەر، كوچىلار، شەھەر دەرۋازىلىرى، يەر ئاستى قانالىزاتسىيەسى «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ شەرت-شارائىتلىرى ۋە يەرلىك ئەھۋالنىڭ بەزىبىر جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ياسالغان» ④

ئەجدادلىرىمىز ھونلار دەۋرىدىن تارتىپ (بۇندىن 5000 يىللار بۇرۇن) ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەختەرىددىننىڭ خان بالىقنى (بېيجىڭنى) بىنا قىلىشتا ياراتقان ئۇلۇغ، شانلىق تۆھپىسى تارىختا مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز مۆجىزە.


ئىزاھات:

① چېيوشۇسىنىڭ «جۇڭگو تارىخى ھېكايىلىرى» خەنزۇچە 11- بەت

② لىيۇۋېيجون: «غەربىي دىيار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 1- كىتاب، 122- بەت

③ لىيۇۋېيجون: «غەربىي دىيار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 7- كىتاب 124- بەت

④ لىيۇۋېيجون: «غەربىي دىيار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 7- كىتاب 122- بەت




رەخىم قاسىم

## كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە....

1987 - يىل، 10 - ئۆكتەبىر.

مانا، ئىككى قوشنا سوتسىيالىستىك مەملىكەت — جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرغان قورغاس دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك سېمونت كۆۋرۈكى! مەن مۇشۇ كۆۋرۈكنى بويلاپ ئالغا كېتىۋاتىمەن، ئارقامدا ۋەتىنىم، خەلقىم مېنىڭ بۇ قۇتلۇق سەپىرىمگە ئاق يول تىلەپ قالماقتا؛ ئالدىمدا ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم يولۇمغا كۆز تىكىپ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالماقتا! ئىككى مەملىكەتتىكى نەچچە يۈز مىليونلىغان كىشىلەرگە ئوخشاش مەنمۇ جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ تېزراق ياخشىلىنىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدىم. ئاقىۋەت ئەشۇ كۈنلەر كەلدى. 20 يىلغا يېقىن ئۈزۈلۈشتىن كېيىن ئىككى مەملىكەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى قايتىدىن باشلاندى. ئەنە شۇ دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ شارايىتىدە مەن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ يول ئالدىم.




بىز جۇڭگودىن تۇغقان يوقلاشقا چىققانلار بەش نەپەر ئادەم ئىدۇق. مەندىن باشقا يەنە ياشانغان ئىككى ئايال ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. تاموژنا خادىملىرى ئالدى بىلەن بىز جۇڭگودىن تۇغقان يوقلاشقا چىققانلارنىڭ (ئۇلارنىڭ تىلىدا ئېيتقاندا مېھمانلارنىڭ) رەسمىيەتلىرىمىزنى ئۆتەتتى. بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى دەرھال ماشىنىغا باستۇق. مەن چېگرىدىن بىللە ئۆتكەن، جۇڭگوغا تۇغقان يوقلاشقا بارغان سوۋېتلىكلەر بىلەن بىرمۇ - بىر خوشلاشتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قازاقىستان يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ كادىرى نۇكەش بادىگۇلوۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالى، باللىرىمۇ بار ئىدى. نۇكەش ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە بىزنىڭ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى يولداشلار ئۇنى قىزغىن كۈتكەن، «شوغلا» تەھرىرى بۆلۈمى ئۇنىڭغا كىتاب -

ژۇرناللارنى تەقدىم قىلغان. بۇ ياش قازاق يازغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا قىلغان زىيارىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئالمۇتىغا مېھمان بولۇپ كېلىشىمنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى ۋە يان دەپتىرىدىكى ئۆي ئادرېسىنى، تېلېفون نومۇرلىرىنى يېزىپ بەردى. ئەپسۇسكى، مەن بۇ ئاق كۆڭۈل يازغۇچى بىلەن قايتا كۆرۈشەلمىدىم.

بىز ئولتۇرغان ماشىنا قورغاس كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، سول تەرەپتىكى ئېگىزرەك جايغا سېلىنغان مېھمانخانا ئالدىدا توختىدى. بىزنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ياش بىر يىگىت:

— سىلەر بۈگۈن ۋە ئەتە مەشەددە تۇرىسىلەر، دۈشەنبە ئەتىگەندە پانفىلوۋغا ماڭىسىلەر، — دەپ ئۇقتۇردى.

بۈگۈن 10 - ئۆكتەبىر — شەنبە ئىدى. دېمەك ئەتە يەكشەنبە. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى بويىچە شەنبە ۋە يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىمىز دەم ئېلىش كۈنلىرىگە توغرا كەلگەچكە، ئىلاجسىز بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بىزنى ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانخانا چاققانغىنە ھويلىسى بار، ئىككى قەۋەتلىك ئاق بىنا ئىدى. مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە «قاراغاندا ئوبلاستى پانفىلوۋ رايونلۇق كوممۇنال ئىگىلىكىنىڭ مېھمانخانىسى» دېگەن تۆت چاسا ۋىۋىسكا ئېسىلغان. مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر قىزلار ئىدى. ئۇلار مېنى بىرىنچى قەۋەتتىكى 104-نومۇرلۇق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئۆي بىزنىڭ بەزى ناھىيىلىك مېھمانخانىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى: ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئوڭ قولدا تازىلىق ئۆيى، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە بىر كىشىلىك ياتاق ئۆي، ئۇنىڭغا بىر تۆمۈر كارىۋات قويۇلغان، يوتقان - كۆرپىلىرى ئاددىي بولسىمۇ پاكىزە يۇيۇلغان، يەرگە تۆت كۋادرات مېتىر كېلىدىغان پالاز سېلىنغان. بۇ يەردە يەنە بىر ئورۇندۇق، بىر ئۈستەل بولۇپ، ئۈستەلگە تېلېۋىزور قويۇلغان.

مەن ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانخانىنى تاماشا قىلدىم. مېھمانخانىنىڭ چۆرىسىگە پاكار تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلغان، بىنادىن دەرۋازىغا قەدەر سېمونت خىش يېيىتىلغان، ھويلىغا تۈرلۈك گۈللەر تېرىلغان، ھازىر كەچكۈز پەسلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئاخىرقى چېچەكلىرىنى ساقلاپ قالغان.

مەن مېھمانخانىنىڭ ھويلىسىدىن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم:

كۈن چىقىش تەرەپتە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورغاس دەرياسىنىڭ ئاقۇش ۋە كۆكۈش تاشلىرى كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتى — مېنىڭ ۋەتىنىم! ئەنە، ئۇ يەردىكى ئىماتە ئورمانلىرى، جۇڭگو تاموژنىسىنىڭ يېڭى سېلىنغان ئاق بىناسى كۆزگە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن ئىختىيارسىز ئويغا چۆمدۈم: «ئانچە كەڭ بولمىغان مۇشۇ بىر ساي ئوخشاش بىر زېمىننى ئىككىگە بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسانىيەت چېگرا دېگەننى ئىجاد قىلمىغىنىدا، بۇ ئىككى قاتتىكى كىشىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ كەتمەس ئىدى. خەرىتىلەرگە ئىنچىكە سىزىق بولۇپ چۈشىدىغان مانا مۇشۇ چېگرالار ۋاقتى كەلگەندە پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىنمۇ دەھشەتلىك نەرسىگە ئايلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ سايدىن پەقەت ئۇچار قاناتلار ئۆتۈشۈپ تۇرغىنىنى بىلەن ئىككى

مەملىكەتتىكى ئادەملەر باردى - كەلدى قىلىشالمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن شىنجاڭ خەلقى تاكى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئۆز ئارا چېگرا دېيدىغاننى بىلمەيتتى. ئۇلار خالىسا ئۇيياندا، خالىسا بۇيياندا ياشاپ كەلگەن. مۇشۇنداق ئارىلاش - چۇرىلاش ياشاش سەۋەبىدىن بەزىلەرنىڭ تۇغقانلىرى ئۇيياقتا، بەزىلەرنىڭ بۇ ياقتا ماكانلىشىپ قالغان. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش تۈپەيلىدىن ئانىلار بالىلىرىنى، ئەرلەر ئاياللىرىنى، بوۋايلار نەۋرىلىرىنى كۆرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ ئېغىر جۇدالىق ئاز كەم 20 يىلغا سوزۇلدى. پەقەت پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇزاق يىل سۈكۈنات باسقان قورغاس كۆۋرۈكى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئەنە، چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرى مۇشۇ كۆۋرۈكتە قاتار سەپ بولۇپ جۇڭگو تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇ ياقتىن يەنە يۈك بېسىپ، كۈن پاتقىچە قايتىپ كېلىدۇ. مانا، بۈگۈن بىر كۈننىڭ ئىزىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا 20گە يېقىن ئادەم، جۇڭگودىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئون نەچچە ئادەم ئۆتتۇق. بۇندىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى ھازىرقىدەك ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشىنى كىم پەرەز قىلالىغان؟! شۈكرى، مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرۈش بىزگە نېسىپ بوپتۇ. بۇندىن كېيىنكىلەر ھەرگىز بىز تارتىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆرمىسۇن. ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن باشلانغان بۇ ياخشى مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيسۇن - مۇستەھكەملەنسۇن!»

مەن ئەنە شۇنداق سەممىي تىلەكلەر بىلەن كۈن چىقىشقا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدىم. ئاندىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ ھويلىسىدىن شىمال تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتۈم:

يىراقتا — چوققىلىرى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان تاغلار تىزمىسى، بۇ — تەلكە، ئارشاڭ تاغلىرىنىڭ داۋامى بولسا كېرەك. ئەنە شۇ تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ چىققان دەريا مەن ھازىر تۇرغان قورغاس يېزىسىنى يانداپ ئۆتىدۇ. بۇ يېزىنىڭ سىياقىدىن ئۇنىڭ بىزنىڭ ئېلىمىزدىكى قورغاس مەھەللىسىدەك قەدىمكى يۇرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. ئەنە، ئاۋۇ قارىياغاچقا ئادەمنىڭ غولىچىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇ ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن شاخلىرىنى ھەر يانغا تاشلاپ تۇرىدۇ. ئېھتىمال، بۇ قارىياغاچ نەچچە يۈز يىللارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندۇ، تارىختىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغاندۇ! ئەنە، ئاۋۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا باشقا ئۆيلەردىن كۆركەمرەك بىر ئۆي تۇرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىشلىرىغا قارىغاندا بىرەر ماگىزىن بولسا كېرەك. مانا، يېنىمدىكى چاققانغىنە ئۆينىڭ ئىشىكىگە «پوچتا» دېگەن خەت يېزىلغان. قورغاس يېزىسى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىدىن بىزنىڭ ئىلى يېزىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. قېرى، يوغان قارىياغاچلارنى ئەگىپ توپ - توپ ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلار، تام ۋە كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى ھەمدە شۇ ئۆيلەرگە ياندىشىپ سېلىنغان قوتانلار؛ ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالا ۋە ئۆشكىلەر.... قىسقىسى، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىلەر مېنىڭ يۇرتۇم ئىلى يېزىلىرىنىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى. ھەتتا كوچىلاردا كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ شۇنچە ئوخشىشاتتى: ئۇلارنىڭ قىزىل، يېشىل ياغلىقلارنى چېكىلەپ تېڭىۋېلىشى؛ بەل چىقارماي كەڭ تىككەن كۆڭلەكلىرى ۋە شۇ كۆڭلەكلەردىن چىقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن پۈشقاقلىق ئىشتانلىرىنى كىيىۋېلىشى؛ پايپاقنىڭ ئۈستىدىنلا كالاچ ياكى كەشلەرنى سېپىۋېلىشى.... بىز تەرەپنىڭ

دېھقان ئاياللىرىنى ئەسلىتەتتى.

مەن مېھمانخانا ھويلىسىدا ئەنە شۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئۆز خىياللىرىم بىلەن بەنت بولۇپ، چېگرىدىن بىللە ئۆتكەن ھېلىقى ياشانغان ئىككى ئايالنىڭ يېنىمغا كېلىپ قالغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇلار مېنى تۇرتۇپ، ئىنتايىن ھەيرانلىق بىلەن بەس - بەستە سۆزلەپ كەتتى:

— ۋېيەي، رەھىمجان، بۇ يەردىمۇ قاغىلار بار ئىكەن - ھە!

— قاراڭا، ئاۋۇ ئۆيلەر توپا تام ئىكەنغۇ!

— خۇدايا تۇۋا، ئېشەك ھاڭراۋاتىدۇ!

— بۇ يەردىمۇ ئاياللار چېلەكتە سۇ توشۇيدىكەن - ھە!

مەن ئەسلەپتە بۇلارنىڭ نېمىگە مۇنچىۋالا ھەيران بولۇپ چۇرقۇرىشىۋاتقىنىنى ئاڭقىرالمىدىم. چۈنكى، ماڭا ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە تەبىئىي مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلغانىدى. كېيىنچە مەن بۇلارنىڭ ھەيرانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگىنىمدە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم: بۇ ساددا ئاياللار سوۋېت ئىتتىپاقى دېسە، تامامەن باشقا بىر ئالەمنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا قارىياغاچتەك كۆرۈمسىز دەرەخلەر بولماي ھەممىلا جايدا قىزىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرۇشى؛ سەت قاقىلدايدىغان قاغىلار ئورنىدا بۇلبۇللار خۇشناۋا قىلىشى؛ توپا، كېسەكلىك ئاددىي ئۆيلەر ئورنىدا تامامەن كۆركەم بىنالار قەد كۆتۈرۈشى؛ ئاياللار چېلەكلەردە سۇ توشۇماي ھەممىلا جايدا تۇرۇبىنى ئاچسىلا قازانلارغا لىپمۇلىپ سۇ تولۇپ تۇرۇشى.... قىسقىسى بۇ يەر جەننەتكە ئوخشاش ھەممە نەرسىسى تەل يەر بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۆمرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئاياللارغا مۇنداق چۈشەنچە نەدىن كەلگەن؟ تەبىئىكى، بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە ئادەتتىن تاشقىرى كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان مۇبالىغىلەرنى تولا ئاڭلاپ، ئۇلارغا تامامەن ئىشىنىپ كەتكەن. مانا ئەمدى ئۆز تەسەۋۋۇرلىرى كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيەتكە زادىلا ئوخشىمايۋاتقاچقا، بۇنىڭ تېگى- تەكتىگە يېتەلمەي، ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇپ كېتەي: مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلىمدە جۇڭگودىن تۇغقان يوقلاشقا چىققان كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئادەتتىن تاشقىرى ماختاپ مۇبالىغىلەشتۈرگەن گەپ - سۆزلەرگە ئىشەنگەنلەرنىڭ ئىنكاسلىرىمۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئادەتتىن تاشقىرى خۇنۈكلەشتۈرگەن گەپ - سۆزلەرگە ئىشەنگەنلەرنىڭ ئىنكاسلىرىمۇ بار. مەن ئەنە شۇنداق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىنكاسلارنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا: ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىشىم كېرەكلىكىنى؛ تۈرلۈك بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلاردا بولۇۋاتقان ئادەملەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرىشىم ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى توغرىلىۋېلىشىغا ياردەملىشىشىم كېرەكلىكىنى، بۇ مەندەك بىر قەلەم ئەھلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىر ۋەزىپەم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇنى قانداق يېزىش كېرەك؟

مەن كەسپىم جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇھەررىر- ژۇرنالىست. ھەر قانداق ژۇرنالىستنىڭ ئۆز

كەسپىمگە سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكىمنى ئۆلچەيدىغان بىرلا ئۆلچەم بار. ئۇ بولسىمۇ چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش. چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ھەممە ئادەم ئېغىزىدا قوللايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئايرىم ئادەملەرنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئامال قانچە؟ مەن يەنىلا ئۆز كەسپىمگە سادىق ژۇرنالىستلىق سالاھىيىتىمنى ساقلاپ قېلىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىمەن. مەن ئىقتىدار جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا شائىر. ئەرەب خەلقىدە مۇنداق بىر ماقال بار: «شائىرلار خۇداغا ھەممىدىن يېقىن تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار يالغان ئېيتمايدۇ». مەن شائىر بولغانلىقىم ئۈچۈن، يۇقىرىقى ماقال بويىچە ئېيتقاندا «خۇداغا يېقىن تۇرغانلىقىم» ئۈچۈن يالغان ئېيتىشىمغا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەن پەقەت راست سۆزلىشىم، پەلسەپىۋى تىلدا ئېيتقاندا «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىم» كېرەك، ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇ ئىرادىدە بۇ زىيارەت خاتىرىسىنى يېزىش قارارىغا كەلدىم...

«قورغاس مېھمانخانىسى»دا تۇرغان ئىككى كۈندە، بىز كۈتكۈچى ئۇيغۇر قىزلاردىن بەك رازى بولدۇق.

مەن مېھمانخانىغا كەلگەن كۈنى ئەنە شۇ قىزلارنىڭ بىرسى:

— سىلەر چېگرىدىن ئەمدىلا ئۆتتۈڭلار، بۇ ياقنىڭ تۈزۈملىرىنى بىلمەيسىلەر، مۇنۇ ماتېرىياللىنى ئوقۇپ، مەزمۇنىنى ھەمراھلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ، — دەپ شاپىگرافتا بېسىلغان بىر توپ ماتېرىياللىنى بەردى. مەن ئۇ ماتېرىياللارنى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇشۇمغا ئۇ قىز يەنە:

— سىز خىتايچە بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ «خىتايچە» دېگىنى «خەنزۇچە» دېگەنلىكى ئىكەنلىكىنى پەملەپ:

— بىلىمەن، — دېدىم.

— ئۇنداقتا سىز خىتايچىسىنى ئوقۇڭ، بەزىلەر بۇ ماتېرىياللىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى چۈشىنىكسىز دەيدۇ.

مەن بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كىرگەن چەت ئەللىكلەر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا يېزىلغان بەلگىلىمە ئىدى. بۇنىڭ روسچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرى ۋە ئىسلاۋيان ھەمدە ئەرەب ھەرپلىرىدە يېزىلغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە نۇسخىلىرى بار ئىدى. مەن ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بىلەن خەنزۇچىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. ھېلىقى قىز دېگەندەك ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسى ياخشى چىقمىغاچقا، چۈشىنىش تەس ئىدى. مەن خەنزۇچىسىنى ھەمراھلىرىمغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بەردىم.

بۇ بەلگىلىمىدە، چېگرىدىن ئۆتكەن چەت ئەللىكلەرنى پانفىلوۋقىچە ئىنتۇرىست (ساياھەتچىلەر ئورگىنى) يەتكۈزۈپ قويىدۇ؛ پانفىلوۋتىن ئالمۇتاغىچە ئاپتوبۇستا بارىدۇ؛ ئالمۇتادىن باشقا جايلارغا بارغۇچىلارنى ئالمۇتا ئىنتۇرىستى ئايروپىلاندا يولغا سالىدۇ؛ يوللاردا خالىغانچە چۈشۈپ قېلىشقا بولمايدۇ؛ بەلگىلەنگەن جايغا بارغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا 24 سائەت ئىچىدە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك ... دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. بۇ ماتېرىيالنىڭ شەخسەن ماڭا سەپىرىمدە پايدىسى كۆپ بولدى.

## بۇرۇنقى يەركەن — ھازىرقى پانفىلوۋ

12- ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت يەتتىدە مەن چېگرىدىن بىللە ئۆتكەن ھەمراھلىرىمغا قوشۇ-

لۇپ پانفىلوۋغا قاراپ يولغا چىقتىم.

پانفىلوۋنىڭ ئەسلى نامى يەركەنت بولۇپ، ئۇ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر جاي. بۇندىن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىققاندا، يەركەنت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرسى بولغان. ئەينى زاماندا يەركەنتنىڭ ئاقساقىلى ۋېلىباي تەرىپىدىن غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى شەكلىدە سېلىنغان يەركەنت مەسچىتى ھېلىمۇ بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغلاردا يەركەنت ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ئىلى دېھقانلىرى ئۆزلىرى تۇرغان جايلارنى ئانا يۇرتى ئىلى يېزىلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ شۇ ناملاردا ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قورغاس، چولۇقاي، پەنجىم ۋە باشقىلار.

بىز قورغاس يېزىسىدىن چىقىپ ئون نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، پەنجىم يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يېزىدا بىر ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ، قورغاس يېزىسىنىڭ بالىلىرىمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. بىز قورغاستىن قوزغالغاندا بىر نەچچە بالىلار ماشىنىغا چىقىۋالغان، ئۇلار پەنجىمگە كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشتى - دە، مەكتەپ ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا ئويناپ يۈرگەن بىر توپ ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، ئىختىيارسىز يۇرتۇمنىڭ يېزىلىرىدىكى مەكتەپلەرنى ئەسلىدىم: ئۇلاردىمۇ دەل مۇشۇ ياشتىكى ئوغۇل - قىزلار دەرس باشلىنىشتىن ئالدىن مەيدانلاردا قىيا - چىيا قىلىپ يۈرۈشىدۇ، قوڭغۇراق چېلىنىش بىلەن تەڭ سىنىپلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشىدۇ، ھەش - پەش دېگۈچە كەڭرى مەيدان بوشاپ، ئەتراپنى سۈكۈنات باسىدۇ... ئەپسۇسكى، ھازىر بىزگە بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئويۇن - تاماشىسىنى كۆرۈشكە، قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن تەڭ سىنىپلارغا كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئىمكان يوق ئىدى. بىز مەنزىلىمىزگە تېزرەك يېتىشىمىز كېرەك ئىدى. چۈنكى، پانفىلوۋتا بىزنى تۇغقانلىرىمىز تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا تۈزۈمى بويىچە، تۇغقانلارنىڭ بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چېگرا بويىدىكى قورغاسقا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى، بەلكى چېگرىدىن 40 نەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى پانفىلوۋتا كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. بىزدە ئەھۋال تامامەن باشقىچە، بىز تۇغقانلىرىمىزنى چېگرا بويىغا كېلىپ كۈتۈۋالىمىز. شۇ سەۋەبتىنمۇ مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككى ئايال بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي، ھېلىدىن - ھېلى غودۇرۇشاتتى:

— خۇدايا توۋا، قورغاس بىلەن يەركەنتنىڭ ئارىسى 40 كىلومېتىرلا يول ئىكەن، شۇنچە يېقىن تۇرۇپ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشەلمىگىنىمىز قىزىق.

— شۇنى دېسىلە، ئۇلار ئىككى كۈندىن بېرى بىزنى يەركەنتتە كۈتۈۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردە غېمىمىزدە يوق ئىككى كۈن ياتتۇق.

— بۇلار نېمىشقا بىزنىڭكىلەردەك تۇغقانلارنى چېگرا بويىغا كەلتۈرمەيدىكىنە؟

ئۇلار گەپ ئارىلىقلىرىدا ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قوياتتى، گويا مەن بۇ سىرنى بىلىدىغاندەك! مەن نېمىنى بىلەتتىم؟ بۇ يېقىمدىن ئېيتقاندا، مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ساۋاتسىز ئىدىم. شۇڭلاشقا ئۈندىمەسلىكنى ئەۋزەل بىلىپ، ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كېلەتتىم.

بۇ كەچكۈز پەسلى ئىدى. ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى يىغىشتۇرۇلۇۋاتاتتى. شاخ - پاخال باسقان ماشىنىلار ۋە چاتما تراكتورلار ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇراتتى. ياز بويى ئالا - يېشىل تاۋلىنىپ، ئۇيۇقتىن - ئۇيۇققا سوزۇلغان دالا ئەمدى يالىڭاچلىنىپ، قىشلىق ئۇيقىغا تەييارلىنىۋاتقاندەك سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەر توختىماي غازاڭ تاشلايتتى. بەزىدە يېقىن ئەتراپقا، بەزىدە يىراقلارغا جايلاشقان يېزىلار كۆزگە چۈشەتتى. مەن ئۇلارغا قاراپ ئويلىناتتىم. مېنىڭ چوڭ بوۋىلىرىم بۇ يېزىلارنىڭ قايسىبىرىسىدە ياشىغانىكىن؟ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى نەدىكىن؟ ئەۋلادلىرى قايەرلەردىكىن؟

مەن كىچىكىمدە ئاپامدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسكە ئالدىم:

مېنىڭ چوڭ بوۋىلىرىم يەركەنتتە ياشىغانىكەن، بىرسىنىڭ ئىسمى قەمەردىن خوخۇل ئىكەن (ئېھتىمال ئەزەن قىچقىرىپ قويغان ئىسمى قاھاردىن بولسا كېرەك). ئۇ نوچى ئادەم بولغانىكەن. «قەمەردىن خوخۇل كېلىۋاتىدۇ، دېسە، مەن - مەن دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا موللام مۈشۈكتەك دىر - دىر تىترەيدىكەن». يەنە بىر چوڭ بوۋامنىڭ ئىسمى روشەن دېنبەگ ئىكەن، ئۇ ئۇستا سازەندە ئىكەن. «ئۇ ساز چالسا، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ توختاپ قۇلاق سالىدىكەن»...

20- يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىلەك - يەركەنت رايونلىرىدا يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكتە نۇرغۇن ئادەملەر شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن ئىكەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ بوۋام ۋە ئاپاممۇ بار ئىكەن. ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋام ئاپام بىلەن كىچىك ئاپامنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ، چىنە - قاچا قاچىلانغان خورجۇننى ئۇلارنىڭ ئاستىغا سېلىپ بەرگەنىكەن. يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئات قورغاس دەرياسىنىڭ تاشلىقلىرىغا كەلگەندە پۇتلىشىپ كېتىپتۇ - دە، خۇرجۇندىكى چىنە - قاچىلار كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ. خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرى ئامان قاپتۇ... ئەنە شۇ «قاچ - قاچ» تا ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن شىنجاڭغا ئۆتكەنلەر ئۆتۈپتۇ، قالغانلار قاپتۇ. ئۇياقتا قالغانلار كىملەردۇر؟ ئۇلارنى ئىزلەپ تاپالارمەنمۇ؟

مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن پانفىلوۋ شەھىرىگە كىرىپ كەلگىنىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

مانا بۇ قەدىمكى يەركەنت شەھىرى! ھازىر ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان قەھرىمانى گېنېرال پانفىلوۋ نامىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ شەھەر بىر قارىماققا غولجا شەھىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قاتار - قاتار ئاق تېرەكلەر تىكىلگەن، ئۈستىنى چېدىر شەكلىدە ياپقان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئاپئاق ئاقارتىلغان، كۆپلىگەن ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە ياغاچ قاپقاق بېكىتىلگەن، بۇ قاپقاقلار تولاراق كۆك رەڭدە سىرلانغان. ھەر بىر ئائىلىنىڭ چاققانغىنە كەلگەن باغلىرى بار. ئازادە كوچىلارغا سېلىنغان بۇ ئازادە ئۆيلەر كىشىگە بىر خىل كەڭ - كۇشادىلىك، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى قىسمىغا ئاز - تولا زامانىۋى بىنالارمۇ سېلىنغان، بۇ بىنالار ئاساسەن ئۈچ ۋە بەش قەۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمىي شەھەر كۆلىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قىسمەن جايىنىلا ئىگىلەيدۇ.

پانفىلوۋ ئاپتوبۇس بېكىتى قورغاس - ئالمۇتا چوڭ تاشيولىنىڭ بويىغىلا سېلىنغان، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ بىر قەۋەتلىك ئىمارەت كىچىككىنە كۈتۈش زالى ۋە بىر نەچچە

ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دائىرىسى ئانچە چوڭ ئەمەس. بۇ يەردىن ئالمۇتاغا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى رايون، كولخوزلارغا ئۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار قاتناپ تۇرىدۇ. بېكەتتە يولۇچىلار كۆپ بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولۇچىلار قونمىدىغانلار بولماي بەلكى كەلگەن ھامان ماڭىدىغانلار بولغاچقا، بۇ يەردە ئاپتوبۇسلار ۋە ئادەملەردىن باشقا نەرسىلەر — نە مېھمانخانا، نە چايخانا، نە ماگىزىن، نە سودا - سېتىقچىلار يوق.

بىز ئەنە شۇ پانفىلوۋ ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئەتىگەن سائەت توققۇزلار ئەتراپىدا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە مېنى ئايالىم دىلبەر بىلەن قىزىم دىلنارە ھەمدە مەرھۇم شائىر ئابدۇلھەي روزىنىڭ ئايالى ھۆرقىز ھەدەم باشلىق تۇغقانلار كۈتۈۋالدى. ئۇلارمېنى ئىككى كۈن-دىن بېرى مەشەدە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بۇلاردىن ئالدىنقى يىلى شىنجاڭغا بېرىپ قايتقان دىلبەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى بىلەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم دىدار كۆرۈشۈشۈم ئىدى. يىگىرمە نەچچە يىل ئېيتماققا ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، بىر بوۋاقنىڭ يىگىت بولۇپ يېتىلىش مەزگىلىگە تەڭ ئۇزۇن بىر جەريان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەر ئۆمرىنىڭ يېرىمى دېگەن سۆز. شۇنچە ئۇزاق جۇدالىقتىن كېيىن دىدار كۆرۈشۈش كىشىگە خىيالىي چۈشتەك تۇيۇلۇشى ئېنىق، گويا بىز ئاخىرەتتىن قايتىپ كېلىپ يورۇق ئالەمدە قايتا ئۇچرىشىۋاتقاندەك، تىلىمىز سۆزگە كەلمەي، پۈتۈن ھېسسىياتىمىزنى كۆز يېشىمىزدا ئىپادىلىدۇق. مەن كۆز ياشىنىڭ قايغۇدا تۆكۈلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا شادلىقتا تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئۆز بېشىم-دىن كۆپ ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، لېكىن ھازىرقى كۆز ياشقا نېمە دەپ تەبىر بېرىشكە ئاجىزمەن. چۈنكى بۇ ئۆز ئىچىگە نۇرغۇن دەرد - ئەلەمنى، نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى ۋە ھازىرقى خۇشاللىقنى مۇجەسسەملىگەن كۆز ياش ئىدى!

مەن پانفىلوۋتا بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ، كۆرۈشمىگەن تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈم ئۆتۈشنى ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدىلا كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈمى بويىچە چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ يەردە توختىشىغا بولمايدىكەن، ئامال يوق، بىز دەرھال يۈك تاقىمىزنى ئالمۇتاغا يۈرىدىغان ئاپتوبۇسقا يۈتكىدۇق.

بىز پانفىلوۋتا ئىلگىرى - ئاخىر 20 مىنۇتچە توختىدۇق - تە، دەرھال يولغا چىقتۇق.

پانفىلوۋ - ئالمۇتا ماشىنا يولى ئاسفالت يول (ياكى ئۇلارنىڭ تىلىدا ئېيتقاندا بىتون يول) بولۇپ، كەڭ، تەكشى ۋە پۇختا ياسالغان، ماشىنا شۇ قەدەر سىلىق يۈرىدىكى، ئەگەر دېرىزىدىن ئىستولبىلارنىڭ تېز - تېز ئۆتۈپ تۇرغانلىقى كۆزىڭىزگە چۈشمىسە، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆيىڭىزدە دىۋاندا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىسىز. يوللارغا تۈرلۈك قاتناش بەلگىلىرى ئورنىتىلغان: خەتەرلىك جايلار، ئەگمىلەر، پىيادىلەرنىڭ ئۆتۈش جايى، سۈرئەت سانى قاتارلىقلاردىن تاشقىرى يەنە يول ئۈستىگە دەر-ۋازىلار ياسىلىپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى بېكەتنىڭ نامى، ياكى تەرەپلەرگە ئايرىلغان يوللاردىكى جايلارنىڭ نامى يېزىلغان.

پانفىلوۋتىن ئالمۇتاغىچە سوزۇلغان بۇ يولنىڭ ئىككى چېتىدە ئورۇنلاشقان مەھەللە-لەر بار. كۆك تاختايلارغا ئاق ھەرپتە يېزىلغان بۇ مەھەللىلەرنىڭ — يېزىلار، رايون-لار، كولخوزلار ۋە باشقىلارنىڭ ناملىرى كۆزگە پات - پاتلا چېلىقىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى

بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەر بىر ئورۇن ئۆز دائىرە چېگرىسىغا بىر خىل ئالاھىدە ۋىۋىسكىلارنى ئورناتقان. بۇ ۋىۋىسكىلارنىڭ بىر يېقىغا شۇ رايون ياكى شۇ كولخوزنىڭ نامى يېزىلغان، يەنە بىر يېقىغا (شۇ تەۋەگە كىرگەندە) «خۇش كەپسىز»، (شۇ تەۋەدىن چىققاندا) «ئاق يول بولسۇن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. بۇلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەنە شۇ جاينىڭ ئادەملىرى گويا سىزنى زور ھۆرمەتتە قارشى ئېلىۋاتقاندەك، ياكى ئۇزىتىۋاتقاندەك بىر خىل كۆڭۈللۈك ھېسسىياتقا كېلىسىز.

قورغاستىن ئالمۇتاغىچە بولغان مانا مۇشۇ كەڭ زېمىنغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئورۇنلاشقان. بۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھازىر ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ قالغان، شۇنداقتىمۇ ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن ئۆتكەندە، مېنىڭ كۆز ئالدىمغا يەنىلا ئىختىيارسىز ئىلى يېزىلىرى كېلىپ تۇردى: تونۇرلاردا نان يېقىۋاتقان ئاياللار، كۆۋرۈك باشلىرىدا ياكى چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە قىزغىن گەپكە چۈشۈپ كەتكەن بوۋايلار، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چېپىپ يۈرگەن بالىلار ۋە بۇلارغا قوشۇلۇپ چاققانغىنە سېلىنغان ھويلىلاردىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەر، ئەنە شۇ ھويلىلارنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا ياسالغان تاختاي ئورۇندۇقلار ھەمدە ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆزگە چۈشۈپ قالىدىغان، دەرۋازا ئورنىدا ھېلىمۇ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان غورولار ... مانا بۇ تۈمەن خىل مەنزىرىلەر تارىختا «تارانچى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ بىر قىسمىنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، تۇرمۇش شەكىللىرىنى ۋە باشقىلىرىنى ئەسكە سالاتتى.

چوڭراق بىر مەھەللىگە كەلگەندە، دىلبەر ماڭا:

— مانا بۇ چىلەك، — دېدى.

مەن چىلەك ھەققىدە بۇرۇنمۇ كۆپ ئاڭلىغان، كېيىنكى يىللىرى بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ كۆرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەندە ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قالدۇرغىنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ يەردە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقى، ئەنە شۇ قىرغىنچىلىقتا نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئادەملەر ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆز ماكانلىرىنى تەرك ئېتىپ شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن. ھازىرمۇ غۇلجىدا مۇشۇ چىلەك نامىدا ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار.

پانفىلوۋتىن ئالمۇتاغىچە ئالتە - يەتتە سائەتلىك يول بولۇپ، ئاپتوبۇس ئارىدا بىرلا قېتىم ئون مىنۇتچە توختىسىمۇ، مەن ئۆزۈمدە قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. چۈنكى، مەن ئولتۇرغان ئاپتوبۇس كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئىدى. كۆپ ئورۇندۇقلۇق بۇ چوڭ ئاپتوبۇس ۋېنگرىيىدە ياسالغان. ئۇ ئازادە، كۆركەم بولۇپ، ئىسسىتىش ئەسۋابلىرى ئورنىتىلغان. ھەم ئولتۇرۇشقا، ھەم ئۇخلاشقا ماسلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان ئورۇندۇقلىرى ئاپئاق كىرلىكلەر بىلەن قاپلانغان، دېرىزىلىرىگە پەردىلەر تارتىلغان. ھەممە ياق پاكىزە سۈرتۈلگەن. ئاپتوبۇستا نە تاماكا چېكىش، نە قالايمىقان تۈكۈرۈش، نە قىيا - چىيا قىلىش دېگەنلەردىن قىلچە ئەسەر يوق، شۇ قەدەر جىمجىت، پاكىزە، ئارامبەخش. ئۇ، كىشىگە بىر خىل راھەت بېغىشلايدۇ. تۇغقانلار بىلەن ئۇچرىشىش خۇشاللىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ياخشى ئاپتوبۇستا سەپەر

قىلمىش مېنىڭ روھىي كەيپىياتىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

مەن ئەنە شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ روھتا كەچ سائەت بەش ئەتراپىدا ئالمۇتاغا كىرىپ كەلدىم.

## ئالمۇتا — قازاقىستاننىڭ پايتەختى

بۇرۇن ۋېرنى دەپ ئاتالغان كىچىك ھەربىي‌قەلئە ئورنىدا بىنا بولغان ئالمۇتا شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە تاشكەنتتىن كېيىنكى 2 - چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ، قازاقىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل شەھەر. تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ شەھەرگە گويا تاغ سۇلىرى بىلەن بىللە تاغ قارىغايلىرىمۇ ئېقىپ كىرگەندەك يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قارىغايلار سەپ تۈزۈپ تۇرىدۇ. بۈككىدە دەرەخلەر ئارىسىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ چېدىر شەكلىدە سېلىنغان ئۆيلىرى بىلەن بىر قاتاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان زامانىۋى بىنالىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. كەڭ ۋە رەتلىك كوچىلىرىدا ماشىنىلار دەريا ئېقىنىدەك ئۈزۈلمەي ئاقىدۇ.

شەھەرنىڭ ماشىنا قاتناش بېكىتى ياكى ئۇلارنىڭ تىلىدا ئېيتقاندا ئاۋتو ۋوكزالى كەڭ ۋە كۆركەم زال ھەمدە شۇ زالغا ئورۇنلاشقان نۇرغۇنلىغان مۇلازىمەت ئىشخانىلىرىدىن تەركىب تاپقان ھەيۋەتلىك بىر بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى چوڭ مەيدان، ئارقا تەرىپى ئاپتوبۇسلارنىڭ تۇرۇش جايى، بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتى زامانىۋى يۈك ساقلاش ئىسكىلاتىدىن ئىبارەت.

بىز قاتناش بېكىتىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈك تاقلىرىمىزنى ئاپتوبۇستىن چۈشۈردۇق. بەلگىلىمە بويىچە، مەن چەت ئەللىك بولغانلىقىم ئۈچۈن مەشەدىن ئۇدۇل ئايرودرومغا چىقىشىم، شەھەرگە كىرمەسلىكىم كېرەك ئىكەن. مەن چېگرىدىن بىللە ئۆتكەن ھەمراھلىرىم بىلەن، شۇنداقلا ئالمۇتادا تۇرۇۋاتقان ھۆرقىز ھەدەم بىلەنمۇ خوشلىشىپ، دىلبەر ۋە قىزىم ئۈچىمىز بىر تاكسى ماشىنىدا ئايرودرومغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەردىن ئايرودروم 10 نەچچە مىنۇتلۇق يول ئىكەن. ئايرودرومدا ياكى ئۇلارچە ئېيتقاندا ئايروپورتتا ئىككى چوڭ بىنا بار ئىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى سوۋېت كىشىلىرىنىڭ قاتناش بىناسى، سول تەرەپتىكىسى چەت ئەللىكلەرنىڭ قاتناش بىناسى ئىكەن، بىز چەت‌ئەللىكلەر بىناسىغا كىردۇق.

بۇ يەردە بىزنى چىرايلىقىنە كەلگەن بىر قازاق قىزى كۈتۈۋالدى.

ئۇ بىزگە: كاسسىدا كەچ سائەت يەتتىدە تاشكەنتكە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتى تۈگىگەنلىكىنى، ئەگەر تەلىيىمىزگە ئايروپىلاندىن بوش ئورۇن چىقىپ قالسىلا بىزنى يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئايروپىلاندىن بىزگە ئورۇن چىقمىدى. بىز نائىلاج كەچ سائەت 11 دە ئىركوتسكىدىن ئالمۇتا ئارقىلىق تاشكەنتكە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننى كۈتتۇق. سائەت 11 بولاي دېگەندە بايىقى قازاق قىزىدىن ياشراق يەنە بىر قازاق قىزى بىزگە:

— بۇ ئايروپىلاندىمۇ ئورۇن يوق ئىكەن، سىلەرنى ئەتە يولغا سالىمىز، — دېدى.

— ئۇنداقتا بىز نەدە تۈنەيمىز؟ — دەپ سورىدۇق.

— ئالمۇتادا تۇغقانلىرىڭلار يوقمۇ؟

— بار.

— ئۇنداق بولسا سىلەر بۈگۈن تۇغقانلىرىڭلارنىڭكىدە قونۇپ، ئەتە بىزگە تېلېفون بېرىڭلار، ئايروپىلان بولۇپ قالسىلا خەۋىرىنى بېرىمىز، — دېدى ھېلىقى قىز ۋە بىزگە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى.

بىز يۈك - تاقىمىزنى ئايرودرومدا قالدۇرۇپ، تاكسى ماشىنا بىلەن تېخى بىر نەچچە سائەت بۇرۇن خوشلىشىپ ئايرىلغان ھۆرقىز ھەدىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. ئۇنىڭ ئۆيى 3 - مىكرو رايوندا ئىكەن. مىكرو رايون دېگىنى بىزچە كىچىك رايون - كىچىك مەھەللە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئاھالىلەر ئۈچۈن كۆپلىگەن زامانىۋى بىنالار سېلىنغان. ئەنە شۇ بىنالار تۈركۈملىرىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنى بىر نەچچە مىكرو رايونلارغا بۆلگەن. بىز كەلگەن 3 - مىكرو رايون ئەنە شۇنداق رايونلارنىڭ بىرسى ئىدى. (مەن تۆۋەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆي - جاي مەسىلىسى ھەققىدە ئايرىم يازىدىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمەن).

بىز 12 - ئۆكتەبىر ھور قىز ھەدىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئەتىسى سائەت ئونلاردا ئايرودرومغا تېلېفون بەردۇق. تېلېفوندىن:

— دەرھال ئايرودرومغا قايتىپ كېلىڭلار، — دېگەن جىددىي خەۋەر كەلدى.

بىز نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ئۇقالمىدۇق. يەۋاتقان تامىقىمىزنىمۇ چالا تاشلاپ ئالدىراپ ئايرودرومغا ماڭدۇق. بىز چەتئەللىكلەر بىناسىغا كىرىشىمىز بىلەن تەڭ، تۈنۈگۈن بىزنى بىرىنچى بولۇپ كۈتۈۋالغان قازاق قىزى ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى — دە، گويا گۇنا قىلىپ قويۇپ مۇئەللىم ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك سۆزلەپ كەتتى:

— كەچۈرۈڭلار، ئەيىب مەندىن ئۆتتى. كېچە سىلەرگە شەھەرنىڭ مىكرو رايونىدا تۈنەشكە رۇخسەت قىلغان ھېلىقى قىز بۇ يەرگە يېڭىدىن خىزمەتكە كەلگەن. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ قويماپتىمەن. ئەسلىدە، چەتئەللىكلەرگە شەھەر رايونىدا تۈنەشكە بولمايتتى. سىلەرنى ئو . ۋ . ئى . ر بەك ئىزلەپ كەتتى. كەلگەن ھامان ئۇلارغا تېلېفون بېرىشىڭلارنى ئېيتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرى، — دەپ بىزگە بىر پارچە قەغەزنى بەردى.

ئو. ۋ. ئى. ر. — بۇ بىر نەچچە رۇسچە سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىدىن تۈزۈلگەن نام. تاشكەنت ئو. ۋ. ئى. ر. قوبۇلخانىسىنىڭ ۋىزىتكىسىغا مۇنداق يېزىلغان: «ئۆزبېكىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تاشكەنت شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ چەتئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ ۋە چەتئەلدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ قوبۇلخانىسى». (ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىمىزگە ئوخشاش ئورگان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇلار دېگەن ئو. ۋ. ئى. ر. بىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىزنىڭ تاشقى ئىشلار بۆلۈملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ).

بىز دەرھال ئالمۇتا ئو. ۋ. ئى. ر. غا تېلېفون بەردۇق. ئۇلار تېلېفوندا، بىزنىڭ پەقەت ئايرودرومدا ئايروپىلان كۈتۈشىمىزنى، ئەگەر بۈگۈنمۇ ئايروپىلان بولمىسا، كەچتە چەت

ئەللىكلەر ياتىدىغان «ئوترار» مېھمانخانىسىغا بېرىپ تۈنۈشىمىزنى، باشقا جايلارغا بېرىشىمىزغا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىز ئەتىگەن سائەت ئون بىردىن كەچ سائەت توققۇزغىچە ئايرودرومنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە قىمىرلىماي ئولتۇردۇق. قىرىشقاندەك، بۇگۈنمۇ ئۇچالمىدۇق. ئاقىۋەت، ئۇلار ئېيتقان «ئوترار» مېھمانخانىسىغا كەلدۇق.

«ئوترار» مېھمانخانىسى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان زامانىۋى كۆركەم بىنا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا ساياھەتچىلەر ئىدارىلىرى قارىمىقىدا مەخسۇس چەتئەللىكلەرنى كۈتىدىغان مۇشۇنداق مېھمانخانىلار بار. ساياھەتچىلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىلىرىدىن تارتىپ مېھمانخانىلىرى ھەتتا ماشىنىلىرىغىچە «ئىنتۇرىست» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپ ھاللاردا مۇنداق مېھمانخانىلارنى «ئىنتۇرىست» دەپمۇ ئاتاۋېرىدۇ. ئىنتۇرىست — ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، ساياھەتچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئوترار» مېھمانخانىسى ياخشى جابدۇلانغان. ياتاق ئۆيلىرىدە ئالىي دەرىجىلىك ياغاچ كىرىسلو كارىۋات، ئېسىل ئورۇن - كۆرپە، تېلېفون، رادىئو، يالغۇز كىشىلىك دىۋانلار، پوللىرىدا گىلەم، دېرىزىلىرىدە نەپىس پەردىلەر، يۇيۇنۇش ئۆيىدە ئىسسىق سۇ، لۆڭگە، سوپۇندىن تارتىپ ھەممە نەرسە تەق قىلىپ قويۇلغان. شۇنداقلا بۇ يەردە ياۋروپاچە ئاشخانا، كافېخانا ۋە باشقا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى تولۇق ئىدى.

بۇ يەردە مېنى ئەڭ ئەجەپلەندۈرگىنى مۇنۇ ئىش بولدى: بىز ئاتا - بالا ئۈچىمىزنە شۇنداق ئالىي دەرىجىلىك ياتاقنىڭ بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن ئون روبلى ئەتراپىدا پۇل تۆلىدۇق. ئالىي دەرىجىلىك تاماق ئۈچۈن ئۈچ روبلى ئەتراپىدا پۇل تۆلىدۇق. ئەمدى شىنخۇەن مېن ئۆزۈم ئۈچۈن، يېقىندا ئېيتىلغان «قورغاس مېھمانخانىسى»نىڭ ئاددىي ياتىقىغا بىر كۈنىگە 35 روبلى، ئىنتايىن ئاددىي تاماقى ئۈچۈن بىر كۈنگە ئون بەش روبلى پۇل تۆلىگەن ئىدىم. بۇ ئىككى مېھمانخانىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرغاندا، يەر - ئاسمانچە پەرقلەنگەندەك، ھەق باھاسىمۇ يەر - ئاسمانچە پەرقلىنەتتى. مېن ئۇ يەردىمۇ - بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا چەت ئەللىك پاسپورتىمنى ئىشلەتتىم. بۇ ئىككى مېھمانخانىمۇ ئوخشاشلا بىر جۇمھۇرىيەتنىڭ مېھمانخانىسى ئىدى. مەن بۇ ئىشقا ھەر قانچە باش قاتۇرساممۇ تېگىگە يېتەلمىدىم.

بىز «ئوترار» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن تاماققا چىقتۇق. ۋاقىت كەچ بولۇپ كەتكەچكە، ئاشخانا تاقىلىپ قالغان ئىدى. كۈتكۈچىلەر بىزنى تاماققا مېھمانخانىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە جايلاشقان «بار»غا باشلاپ كىردى. «بار» ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، بۇنى خەنزۇچىسىغا «قەھۋەخانا» دەپ تەرجىمە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنگلىزچىسى بويىچە يەنىلا «بار» دەپ ئاتايدىكەن. «ئوتۋار» مېھمانخانىسىدىكى «بار» ئانچە چوڭ بولمىغان بىر زالغا جايلاشقان. زالغا ئالا - يېشىل چىراغلار ئورنىتىلغان. ئىشىكتىن كىرىشتىكى سول تەرەپتە بوفىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينەكلىك ئىشكاپلىرىغا ۋە پوكەيلىرىگە تۈرلۈك ئىچىملىك، تاماكا ۋە تەييار يېمەكلىكلەر تىزىلغان. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا يەر-

دىن يېرىم مېتىرچە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان سەھنە بولۇپ ئۇنىڭغا «جاز» مۇزىكا ئەسۋابلىرى قويۇلغان؛ زالدا ئون نەچچە ئايرىم ئۈستەل بولۇپ، بىز ئەنە شۇ ئۈستەللەرنىڭ بىرىدە ئولتۇردۇق.

مەن ئەتراپىمغا زەڭ سېلىپ قارىدىم. ئوڭ يېنىمدىكى ئۇزۇنىراق چوڭ ئۈستەل ئەتراپىدا ئونغا يېقىن قىز - يىگىت ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار روسچە بىلەن قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆز ئارا قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، قاقاخلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بەكمۇ ئەركىن تۇتۇشلىرىدىن بۇ يەرنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ئىكەنلىكىنى سېزىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. قارشى تەرىپىمدىكى ئۈستەلدە بىر جۈپ ئەر - ئايال تاماق يەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ياۋروپاچە كىيىنىشلىرىدىن ۋە ئەتراپىغا پات - پات قىزىقىپ كۆز تاشلاشلىرىدىن ماڭا ئوخشاش يېڭىدىن كەلگەن «چەتئەللىك» ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. باشقا ئۈستەللەردە ئىككى - ئۈچتىن، بەزىلىرىدە تۆت - بەشتىن ئادەملەر ئولتۇراتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىر نەچچە ياش يىگىت سەھنىگە چىقىپ، جاز مۇزىكىسىنى چالدى. مۇزىكىغا ئەگىشىپ يىگىت - قىزلار تانسىغا چۈشتى. ئالا - يېشىل ئۇچۇپ يۈرگەن ئېلېكتىر نۇرلىرى ئىچىدە تانسا ئويناۋاتقانلارغا سىنچىلاپ قارىدىم. يىگىتلەر ئۇزۇن چاچ قويغان، بەزىلىرى بۇرۇتمۇ قويۇۋالغان؛ قىزلارنىڭ ئۆرۈلمىگەن چاچلىرى يەلكىلىرىگە چۈشكەن، بەزىدە بۇ چاچلار ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىنىمۇ يېپىۋالىدۇ. «پادىچى ئىشتىنى» دەپ ئاتىلىدىغان تار ئىشتانلار، مىقتەك ئىنچىكە ئېگىز ئۆكچىلىك ئاياغلار مۇزىكىغا ئەگىشىپ تىنىماي پىرقىرايدۇ. مۇزىكىنىڭ رېتىملىرى پات - پاتلا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزى مۇزىكىلارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ناخشىلار تانسىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ؛ تانسىلارنىڭ شەكلىرىمۇ خىلمۇ - خىل، بىردەم ۋالىس، بىردەم دىسكو.

بۇ مېنىڭ سوۋېت ياشلىرى بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈزمۇ - يۈز بىر سورۇندا بولۇشۇم ئىدى. مەن كىچىكىمدىن سوۋېت ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغاچقا، مېنىڭ نەزىرىمدىكى سوۋېت ياشلىرى خۇددى پاۋېل كورچاگىنغا، زوياكوسمودېميانسكاياغا ئوخشاش ئاددىي-ساددا كىيىنىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە بېرىلگەن، ئەقەللىسى، يۇقىرىدىكى ياشلاردەك كىيىنىشنىمۇ غەيرىي ھالەت دەپ قارايدىغان ئادەملەر بولۇپ شەكىللىنىپ قالغاچقا، ماڭا بۇ سورۇن ھەم غەلىتە، ھەم ھەيران قالارلىق بىر نەرسىدەك تۇيۇلدى. شۇنداقمۇ، مەن بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەچكە، بۇ ھەقتە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىشىم ئەقىلگە توغرا كەلمەيتتى. مەن بۇنى يەنىلا كېيىنكىگە قالدۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردۈم.

ئەتىسى، 14 - ئۆكتەبىر سائەت سەككىزدە ئايرودرومغا تېلېفون بەردۇق. ئۇلار بىزنىڭ سائەت 11لارغا ئۈلگۈرۈپ ئايرودرومغا كېلىشىمىزنى ئېيتتى. قارىساق، ئىختىيارىمىزدا ئۈچ سائەتچە ۋاقىت بار ئىكەن. بىز ئالمۇتا كوچىلىرىنى تاماشا قىلماقچى بولدۇق.

بۇ شەھەرگە ئاخشام تۈنجى قار ياغقانىدى. ھازىر ھاۋا ئېچىلىپ، قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى. يوللاردا كېتىۋاتقان ماشىنىلار ئېرىۋاتقان قار سۇلىرىنى ئەتراپقا چاچرىتاتتى. تېخى يوپۇرماقلىرى ياپيېشىل تۇرغان دەرەخلەرگە، قاڭالتىر چىدىرلىق ئۆگزىلەرگە، يول بويىدىكى گېزىت - ژۇرنال بوتكىلىرىغا ۋە ئاپتوبۇس كۈتۈش شىپاڭلىرىغا قونغان ئاپپاق قار

يېشىل، زەڭگەر، كۆك ۋە قىزغۇچ رەڭلەر ئارىسىدا جىلۋىلىنىپ يالتىراپ تۇراتتى. پىيادىلەر يولىدا ئۇ يەردە - بۇ يەردە كاۋاپدانلاردىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان كاۋاپ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. بۇلار يېقىندىن تىجارەت باشلىغان شەخسىي ئوقەتچىلەر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەمدىلەتتىن يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرى ئىدى.

بىز چوڭ كوچا بويلاپ كېتىۋاتاتتۇق. مېھمانخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى نەچچە قەۋەتلىك ئېگىز بىنا ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، دىلبەر ماڭا:

— «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى رېداكسىيىسى مۇشۇ بىنادا، — دېدى.

مېنىڭ بۇ رېداكسىيىگە ئۆتۈپ كىرگۈم بولسىمۇ، بىراق ھازىر پۇرسەت يوق ئىدى. بۇ ئېنى تار، ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان چوڭ بىنادا قازاقىستاننىڭ مەركىزىي گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ رېداكسىيىلىرى جايلاشقان. شۇ قاتاردا بۇ يەردە «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى ئەرەب يېزىقىدا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ رېداكسىيىلىرىمۇ بار. «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى - سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان بىردىنبىر جۇمھۇرىيەتلەر ئارا گېزىت. كېيىن مەن تاشكەنتتە قىرىم تاتارلىرى تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم بايرىقى» دېگەن يەنە بىر جۇمھۇرىيەتلەر ئارا گېزىتنى كۆردۈم. مۇشۇ ئىككى گېزىتنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆز ئاپتونومىيىسى بولمىغان، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردە تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرگىلا مۇشۇنداق ئورتاق گېزىت چىقىرىپ بېرىدىكەن.

مەن بۇ قېتىمقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان زىيارىتىمدە ئۆزۈمنىڭ شەخسىي تۇغقان يوقلاش ئىشىمدىن تاشقىرى، بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە - ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتى ھەققىدە مۇمكىن قەدەر كۆپرەك ئەمەلىي ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، ۋەتىنىمگە قايتقاندىن كېيىن تەپسىلىي سەپەر خاتىرىسى يېزىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. ئەنە شۇ سەپەر خاتىرىسىدە سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ھەققىدە ئايرىمچە توختالماقچى ئىدىم. ھازىرچە مەن سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالمۇتىدىن يول بويلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچقا، يېزىشقا كېرەكلىك تېمىلارغا ماتېرىيال يىغىپ يۈرۈشكە ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ رېداكسىيىنىڭ ئالدىدىن ئۈن - تىنسىز ئۆتۈشۈمگە توغرا كەلدى.

بىز ئالمۇتا شەھىرىنىڭ بىرنەچچە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىققىچە سائەت ئون يېرىم بولۇپ.قاپتۇدەرھال بىرتاكسى ماشىنىغا چۈشتۇق-تە،ئۇدۇل ئايرودرومغا باردۇق. ئايرودرومدىكىلەر بىزگە سائەت 12 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئايروپىلان بارلىقىنى، بىزنى ئەنە شۇ ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىپ، بىز ئەنە شۇ ئايروپىلان بىلەن تاشكەنتكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق.

## ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غۇرۇرى — تاشكەنت

— مانا، تاشكەنتكىمۇ يېتىپ كەلدۇق، — دېدى دىلبەر.

مەن ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە قارىدىم، چەكسىز تۈزلەڭلىكتە يېيىلىپ ياتقان شەھەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئايروپىلان تۆۋەنلىگەنسېرى شەھەرمۇ چوڭىيىۋەردى. مەن

بۇ شەھەر دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىگە، ياپېشىل ئورمان دېڭىزىدا ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىغا، ئۇ چېتىدىن - بۇ چېتىگە سوزۇلغان كوچىلارنىڭ خۇددى قاناللاردەك تۈپ - تۈز تارتىلغىنىغا زوقلىنىپ نەزەر سالدىم. ئىختىيارسىز يادىمغا مەشھۇر ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلامنىڭ تاشكەنت ھەققىدە يازغان مۇنۇ شېئىرى كەلدى:

بېباھا تاشكەنتىمىز، ناھارىڭ كۈندۈزدىن شان،
مېھنەتكەش، مۇنىس، ئورتاق، قەدىردان دوست، ئەمەكداش.
قىش - ياز، كۈزى - باھار، تۈنى كۈندۈزدىن روشەن،
لوندون، پارىژ، روماغا تېگىشمەيمەن قەدىم شاش ①.

مۇقەددەس سوۋېت ئىلىنىڭ كۆركسەنۇ - بەختلىكسەن،
شەرقتە يورۇق رۇجەك، ئۆزبېك پايتەختىسەن.

تاشكەنت - ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۈرىكى، شۇنداقلا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يىرىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ۋە مەدەنىي مەركەزلىرىنىڭ بىرسى. 1983-يىلى يونېسكونىڭ قارارىغا مۇۋاپىق تاشكەنت ئۆزىنىڭ 2000 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن. بۇ قەدىمكى شەھەر كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي داۋامىدا ئۆزىنىڭ نامىنى بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتكەن. ئۇ چاچ، شاش، بىنكەنت، مىلك قەلئە دېگەن ناملاردا ئاتالغان، تاشكەنت دېگەن نام بىرىنچى قېتىم ئون بىرىنچى ئەسىردە مەشھۇر ئالىم ئەبۇرەيھان بىرۇنى ئەسەرلىرىدە ھەمدە ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

تاشكەنتنىڭ يەر مەيدانى 250 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ، ئون رايونغا بۆلۈنىدۇ. ئاھالىسى 2 مىليون 200 مىڭ، ئۇ نوپۇس جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا موسكۋا، لېنىنگراد ۋە كىيېۋتىن كېيىن تۆتىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تاشكەنتتە يۈزدىن ئارتۇق مىللەت ۋەكىللىرى ياشايدۇ.

تاشكەنت يىرىك سانائەت مەركىزى. بۇ يەردە 500 دىن ئارتۇق زاۋۇت ۋە فابرىكا ئىشلەيدۇ. ئىشچىلار يېرىم مىليوندىن ئارتۇق. تاشكەنتتە ئاۋىئاتسىيە، ئېلېكترون تېخنىكا، توقۇمىچىلىق ماشىنىسازلىقى قاتارلىق سانائەتنىڭ يېڭى تۈرلىرى بەرپا قىلىنغان، بۇ يەردە ئىشلەپ چىقىرىلغان ئايروپىلانلار، تىراكتورلار، پاختا تېرىش ماشىنىلىرى، ئېكسكاۋاتورلار، توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، ستانوكلار، مۇزلاتقۇ ۋە رەخت - گەزلىمىلەر دۇنيادىكى 90 دىن ئارتۇق مەملىكەتكە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

تاشكەنت ئىلىم - پەن، مائارىپ مەركىزى. ھازىر بۇ شەھەردە 19 ئالىي مەكتەپ، 36 مەخسۇس بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇلاردا 200 مىڭ ستودېنت ۋە ئوقۇغۇچى تەلىم ئالىدۇ. شەھەردىكى 323 مەكتەپتە 300 مىڭدىن ئارتۇق بالا ئوقۇيدۇ. 1943-يىلى قۇرۇلغان ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قارمىقىدا 37 ئىلمىي ئىنستىتۇت - مۇئەسسەلەر بار. بۇلاردا 17 مىڭ كىشى ئىشلەيدۇ. ھازىر ئۆزبېكىستان ئالىملىرى سېپىدە 1200 دىن ئارتۇق پەنلەر

---

① شاش - تاشكەنتنىڭ قەدىمكى نامى (ئا.)

دوكتورى، 16 مىڭ نەپەر پەنلەر كانديداتى بار. 40 نەپەر ئالىم پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ھەقىقىي ئەزاسى، 63 نەپەر ئالىم مۇخبىر ئەزاسى.

تاشكەنت ـ مەدەنىيەت مەركىزى. بۇ يەردىكى ئەلشىر ناۋايى نامىدىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ئۈچ مىليون پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلىنىدۇ. تاشكەنتتە يەنە «ئۆزبېكىستان»، «پەن»، «ئوقۇتقۇچى»، «مېھنەت»، «غوبۇر غۇلام» نامىلىق نەشرىياتلار بار. ئۇلار ھەر يىلى ئون مىليون نۇسخىلاپ تۈرلۈك كىتابلارنى نەشر قىلىدۇ. بۇ يەردە 36 خىل يەرلىك ۋە مەركىزىي گېزىت، 16 خىل ژۇرنال چىقىدۇ. تاشكەنت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تۆت پىروگرامما بويىچە رەڭلىك تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تاشكەنت رادىئو ئىستانسىسى دۆلەت ئىچىگە قارىتا ئۈچ پىروگرامما بويىچە بەش خىل تىلدا، چەت ئەللەرگە قارىتا يەتتە خىل تىلدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ. بۇ شەھەردە يەنە لېنىن مۇزېيى، ئۆزبېكىستان خەلقلىرى تارىخىي مۇزېيى، سەنئەت مۇزېيى، تەبىئەت مۇزېيى، ئەدەبىيات مۇزېيى، خەلقئارا دوستلۇق مۇزېيى قاتارلىق مۇزېيلار بار. تاشكەنتتە ئۈچ كىنو ستودىيە ئىشلەيدۇ. تاشكەنت شەھىرىدە ناۋايى نامىدىكى دۆلەت ئاكادېمىك تىياتىرى، ئۆزبېك دراما تىياتىرى، مۇقىمى نامىدىكى ئۆزبېك دۆلەت مۇزىكا تىياتىرى، «ياش گۋاردىيە» تىياتىرى، قونچاق تىياتىرى، تاشكەنت سېركى، كونسېرت فىلارمونىيە بىرلەشمىسى قاتارلىق سەنئەت مۇئەسسەسەلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. «باھار»، «يەللە»، «شادلىق»، «لەزگى» ئانسامبىللىرى، خەلق چالغۇلىرى ئوركېستىرى، دۆلەت سىمفونىك ئوركېستىرى قاتارلىقلار دۆلەت ئىچىدە ۋە خەلقئارالاردا ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايىش قىلىپ تۇرىدۇ.

بىز سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئالدىنقى شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان مانا مۇشۇ تاشكەنتكە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، كۈن ئەمدىلا غەربكە قايرىلغانىدى. مەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، تۆت ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم. ئايرودرومنىڭ دائىرىسى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئايروپىلانلارنىڭ بىرسى كۆتۈرۈلسە، يەنە بىرسى قوناتتى. تاشكەنت ئايرودرومى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق چوڭ شەھەرلەر بىلەن، شۇنىڭدەك ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيەدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر بىلەن ھاۋا لىنىيىلىرى ئارقىلىق باغلانغان. بۇ لىنىيىلەرنىڭ سانى 120 دىن ئاشىدۇ. ئايرودرومنىڭ ئەينەك ۋە سېمونتتىن ياسالغان يېڭى بىناسى بايراقلار بىلەن بېزىلىپ، ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە رۇسچە، ئۆزبېكچە ۋە چەت ئەل تىللىرىدا يېزىلغان تۈرلۈك شوئارلار كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەن چەت ئەللىكلەر چىقىدىغان بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاپتوبۇس سوۋېتلىك يولۇچىلارنى ئاپىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز ئاتا- بالا ئۈچىمىزنى ئېلىپ ماڭدى. ئەسلىدە يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى توشۇيدىغان بۇ ئۇزۇن چاتما ئاپتوبۇسنىڭ پەقەت بىز ئۈچىمىزنىلا سېلىپ تاراقلاپ ماڭغىنى ماڭا ھەم ئەجەبلىنەرلىك، ھەم كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلدى. نېمە ئامال؟ بۇمۇ بىر بەلگىلىمە ئىكەن. دە، ئەگەر بۇنى چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن قىلىنغان ئالاھىدە ئېتىبار دېگەندە، يەنە شۇ ئېتىبار تۈپەيلىدىن بىز سەپەرداشلىرىمىزدىن بىرەر سائەت كېيىن ئايرودروم ئىشىكىدىن چىقالىدۇق.

تاشكەنت ئايرودرومى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، بىزنىڭ ئۆيىمىز بولسا شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بىز شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە بېرى-

شىمىز كېرەك ئىدى. تەلىيىمىزگە، بۇ يەردىن شەھەر ئىچىگە ئاپتوبۇسلار ئۈزلۈكسىز قاتناپ تۇرغاندىن تاشقىرى يەنە مەخسۇس تاكسى بېكىتى بار ئىكەن. بىز ھېچبىر قىيىنالمايلا ئەنە شۇ تاكسىلاردىن بىرىنى كىرا قىلدۇق-دە، يولغا چۈشتۇق.

ھازىر ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تاشكەنت يەنىلا ئىسسىق ئىدى. كىشىلەر كاستيۇم كىيمەي يۈرەتتى. يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەر ياپيېشىل؛ گۈللەر قىپقىزىل چاقناپ تۇراتتى. تېخى تۈنۈگۈن ئالمۇتىدا ياغقان قارنى كۆرگەن ماڭا بۇ مەنزىرە خىيالىي چۈشتەك سېزىلدى.

ماشىنا كەڭ ئاسفالىت يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇ يولنى ئوتتۇرىدىكى گۈللۈكلەر ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. سول ياقتىكىسى يەنى بىز كېتىۋاتقان يول ئۈچ ماشىنا قاتار ماڭالايدىغان كەڭلىكتىكى بېرىش يولى ئىدى؛ يەنە مۇشۇ كەڭلىكتىكى ئوڭ تەرەپتىكى يول قايتىش يولى ئىدى. بۇ چوڭ ئاسفالىت يولنىڭ ھەر ئىككى قاسنىقى پىيادىلەر يولى بولۇپ، بۈك - باراقسان دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. پىيادىلەر يولىدا ئادەملەر بەك شالاڭ ئىدى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە چوڭ يولدا ماشىنىلار دەريادەك ئېقىپ باراتتى. مەن بۇ يولنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكىنى مۆلچەرلەپ باقتىم، يولنىڭ بۇ قاسنىقىدىكى بىنالار بىلەن ئۇ قاسنىقىدىكى بىنالارنىڭ ئارىلىقى ئىككى - ئۈچ يۈز مېتىردىن كەم ئەمەس ئىدى.

يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى بىنالار بىر - بىرىدىن ھەيۋەت، بىر - بىرىدىن كۆركەم سېلىنغان. گەرچە بىنالارنىڭ تولىسىنىڭ قەۋەت سانى، ئۇزۇنلۇق - كەڭلىكى، ئېگىزلىكى ئوخشاش دېگۈدەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارغا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە تۈرلۈك گۈزەل نەقىشلەر بېرىلگەن. ئايرىم بىنالار، مەسىلەن، «موسكۋا» ۋە «ئۆزبېكىستان» مېھمانخانىلىرى، «لېنىن مۇزېيى»، «سېرك بىناسى» قاتارلىقلار ھازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى نامايەندىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1966 - يىلى ئاپرېلدا تاشكەنتتە قاتتىق يەر تەۋرەپ، شەھەر تامامەن دېگۈدەك ۋەيرانلىققا ئايلانغان. يەر تەۋرەشنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان قەشقەر مەھەللىسى ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. بەزىلەرنىڭ گېپىچە، بۇ مەھەللىگە يۈز يىللار ئىلگىرى بىزنىڭ قەشقەردىن ئاھالىلەر چىقىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇنى قەشقەر مەھەللىسى دەپ ئاتىغانىكەن. ئەنە شۇ يەر تەۋرەش مەركىزىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ھازىرقى خەلقلەر دوستلۇقى مەيدانىغا ئوتتۇرىسىدىن دەز كەتكەن ھەيۋەتلىك بىر تاش قويۇلغان، قىزىل مەرمەر تاشتىن ياسالغان سۇپىغا بىر ئەر كىشىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان، ئۇ، بالىسىنى باغرىغا باسقان ھالدا ئايالىنى دەھشەتلىك پالاكەتتىن كۆكرىكى بىلەن توساپ تۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ يەر تەۋرەشتىن كېيىن تاشكەنت قايتىدىن تىكلەنگەن. 1966 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە ئىككى مىليون 500 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپ ئۆي - جاي سېلىنغان (بۇ سان يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن تاشكەنتتە بار بولغان ئۆي جايلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ). قىسمەن جايلاردىكى مۇستەھكەم شەخسىي ئۆيلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە كونا ئىمارەتلەر بۇزۇپ تاشلانغان.

بۇرۇن بىر ھارۋا زورىغا سىغىدىغان تار كوچىلار ئورنىدا كەڭ ۋە راۋان يوللار، گۈلزارلار ۋە باغلار بارلىققا كەلگەن. قايتىدىن قۇرۇلغان مانا بۇ تاشكەنت ئۆزىنىڭ زامانىۋىلىكى، گۈزەللىكى ۋە ئاۋاتلىقى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

بىز ئايرودرومدىن چىقىپ، شەھەر مەركىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ناۋائى ۋە گوركى يوللىرى بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئاكادېمىيە شەھەرچىسى دەپ ئاتالغان جايغا يېتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ ئۆيىمىز مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، سائىتىمگە قارىدىم. ئايرودرومدىن ئۆيگىچە 40 مىنۇت ئەتراپىدا يول يۈرۈپتىمىز.

مەن 8 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان. ئۈرۈمچىدىن قورغاسقىچە ۋە قورغاستىن ئالمۇتىغىچە 1500 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى ماشىنىدا، ئالمۇتىدىن تاشكەنتكىچە مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى ئايروپىلاندا بېسىپ، 14 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە كۆزلىگەن مەنزىلىمگە يېتىپ كەلدىم. ھېسابلاپ كۆرسەم، بۇ سەپەرگە ئالتە سوتكا يەنى 150 سائەت 40 مىنۇتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىپتۇ.

بۈگۈن 1987 - يىلىنىڭ 14 - ئۆكتەبىر كۈنى. مەن مانا مۇشۇ كۈندىن 1988 - يىلىنىڭ 10 - مارت كۈنىگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا تولۇق بەش ئاي زىيارەتتە بولدۇم.

بۇ بەش ئاي ئىچىدە مەن تاشكەنت شەھىرىدىن باشقا قىرغىزىستاننىڭ فىرونزى شەھىرىنى، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا، يەتتە ساي شەھىرىنى، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاھانگران، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھىرىنى زىيارەت قىلدىم.

بۇ بەش ئاي ئىچىدە مەن ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ، ئۆزبېكىستان چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ، ئۆزبېكىستان نەشرىيات ۋە ئاپتورلار ھوقۇقىنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن تۈرلۈك ئىلمىي ئۇچرىشىشلاردا بولدۇم.

بۇ بەش ئاي ئىچىدە مەن ناۋائىي نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيىنى، ئايبېك ئۆي - مۇزېيىنى، «چاغاتاي» قەبرىستانلىقىنى، بۇخارا ئىسلام دىنى مەكتىپىنى ۋە باشقا ئىلمىي ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدىم، سىماشكو نامىدىكى ساناتورىيىدە داۋالاندىم.

بۇ بەش ئاي ئىچىدە مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشچىلىرى، كولخوزچىلىرى، سىتودېنتلىرى، ئالىملىرى، يازغۇچىلىرى، ئارتىسلىرى، دوختۇرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ھەمسۆھبەتتە بولدۇم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن

## مىسىرلىقلارنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرى

مىسىر — ئەرەبلەر ياشايدىغان قەدىمكى دۆلەت. مىسىرلىقلارنىڭ توي-تۆكۈن ئادىتىدە، يىگىت تويدىن ئاۋۋال قىز بىلەن يۈز كۆرۈشمەيدۇ. ئوتتۇرىدا ماڭغان كىشى ياكى يىگىتنىڭ ئاپىسى ۋە ياكى ئىگىچە-سىڭلىسى قىزنى كۆرۈپ، ئاندىن يىگىتكە ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. ناۋادا يىگىت رازى بولسا، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق ئەۋەتىپ، توي كۈنىنى بېكىتىدۇ. توي كۈنى يىگىت قىز بىلەن كۆرۈشىدۇ، تويدىن ئىلگىرى قىز يۇيۇنۇپ-تارىنىدۇ. بۇ، يېزا قىزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

دۆلەتمەن ئائىلىلەر ناھايىتى چوڭ توي قىلىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشتىن بۇرۇن يىگىت يېقىن ئەل-ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ، ئۈچ كۈن بەزمە قىلىدۇ. قىزنى ئەكېلىدىغان كۈنى يىگىتنىڭ ئاپىسى چىرايلىق بېزەلگەن هارۋىدا قىز كۆچۈرگىلى ماڭىدۇ. قىز ئۈچۈن مەخسۇس بىر هارۋىنى قىممەت باھالىق كەشمىر شايىلىرى ۋە ئەتىر گۈللەر بىلەن بېزەيدۇ. هارۋىغا ئىككى ياكى تۆت ئات قوشىدۇ. هارۋىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەشمىر شايىسىدىن كىيىم كىيگەن ئىككى يىگىت ماڭىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچىلەر ئەنە شۇنداق هەيۋەت بىلەن يولغا چىقىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا، يىگىتنىڭ ئاپىسى ئالدىدا، قىزنىڭ ئاپىسى كەينىدە ماڭىدۇ. قىزنى ئېلىپ ماڭغان هارۋا داقا-دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئاۋات كوچىلاردىن ئۆتۈپ، يىگىتنىڭ هوجرىسىغا كېلىدۇ. يىگىت خۇشاللىق بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. قىز هارۋىدىن چۈشكىلى ئۇنىماي نازلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، يىگىت قايتا-قايتا ئۆتۈنۈپ سورىغاندىن كېيىن ئاندىن

# ئۆرپ-ئادەتلەر

هارۋىدىن چۈشىدۇ. بۇ چاغدا بىرەيلەن يېڭىسى سويۇلغان مالنى بوسۇغىغا قويۇپ قويىدۇ. يىگىت بىلەن قىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆزلىرىنىڭ هوجرىسىغا كىرىپ، چىرايلىق بېزەپ مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرى-

دى. توي ئىگىلىرى مېھمانلارغا چاچقۇ چېچىپ، يىگىت - قىزغا بەخت تىلەيدۇ.

كەچتە مېھمانلار يىگىت - قىز بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يەيدۇ. ئاندىن كېيىن يىگىتنى ئېلىپ مەسچىتكە بارىدۇ. يىگىت ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، مېھمانلارنىڭ ھەمراھ-لىقىدا يەنە ھوجرىسىغا قايتىپ كېلىپ، قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن، بىر ئىستاكان بۇلاق سۈيىنى بىللە ئىچىدۇ.

مىسىردا دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ توي مۇراسىمى نەچچە كۈن، ھەتتا ئوتتۇز - قىرىق كۈنگىچە داۋام قىلىدۇ. مېھمانلار يەپ- ئىچىدۇ. ئوقۇغۇچىلار خالىغىنىچە ئوينايدۇ. تويغا سازەندىلەر، سېرىكچىلەر ۋە داڭلىق ئەر - ئايال ناخشىچىلاردىن تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمانلار تويلۇقنى ۋە ئۆي سەرەمجانلارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. دۆلەتمەن ئائىلىلەر سالغان تويلۇق مىڭ فوند ستېرلىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ تويى تولىمۇ ئاددىي ئۆتىدۇ. ھېچقانداق ھەشەم قىلمايدۇ، يېمەك - ئىچمەكلىرى ئاددىي بولىدۇ. مېھمانلار نەي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، تويىنى مۇبارەكلەيدۇ.

## قاھىرەدىكى «ئۆلۈكلەر شەھىرى»

مىسىر پايتەختى قاھىرەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بىر قەبرىستانلىق - مەشھۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قەبرىستانلىقى بار. بۇ يەرگە مەخسۇس مىسىردىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان ئەزھەر ئالىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەپنە قىلىنىدۇ. قەبرىستانلىق يېڭى بىنا بولغان چاغلاردا شەھەر سىرتىغا توغرا كېلەتتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەھەر بارغانسېرى كېڭىيىپ، قەبرىستانلىق شەھەر مەركىزىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بۇ قەبرىستانلىق دۇنيادىكى ھېچقانداق قەبرىستانلىققا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا قەدىمى مىسىرلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە يوسۇنى ئىپادىلەنگەن قەبرىستانلىقتىكى رەت - رەت ئۆيلەرنى، ئويان- بۇيان مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرنى يىراقتىن كۆرگىلى بولىدۇ. يېقىنبېرىپ قارىغىنىڭىزدا ئۇ يەرنىڭ ئەسلىدە ئۆلۈكلەر ئۈچۈن ياسالغانلىقىنى بايقايسىز. ھەر بىر ئۆيىنىڭ ئىشىك بېشىغا پالانچىنىڭ قەبرىسى دېگەن خەتلەر يېزىلغان، ئۆيىنىڭ ئىچىدە نەچچە مەقبەرە بولسا، شۇ ئۆيگە شۇنچە كىشى دەپنە قىلىنغان بولىدۇ. بىر ئۆيگە بىرجەمەت كىشىلىرى دەپنە قىلىنىدۇ. قەبرىستانلىق ئەڭ دەسلەپ دەپنە قىلىنغان كىشىنىڭ نامىدا ئاتىلىدۇ. بۇ يەرگە ئەڭ دەسلەپ ئەزھەر ئالىي مەكتىپىنىڭ ئۆلىماسى دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرنى بۇ يەرگە قويۇشقا بولمايدۇ. سىرتىغا قاراپلا ئۆيلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى ئۆيلەر ئىنتايىن چىرايلىق ھەم ھەشەمەتلىك، بەزى ئۆيلەر كۆرۈمسىز، ۋەيرانە، بۇنىڭدىن ئۆلگۈچىنىڭ دۆلەتمەن ياكى نامرات ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مىسىرلىقلار بۇ ئۆيلەرنى «خىش» دەيدۇ، بۇ «ھويلا ئارام» دېگەن مەنىدە. قاتار كەتكەن ھويلىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا «كوچىلار»، ھەر بىركوچىنىڭ ئىسمى ۋە ھەر بىر ھويلىنىڭ ئىشىك نومۇرى بار، قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى شۇنداق چوڭ، كوچىلىرى شۇنداق رەتسىز بولسىمۇ، كوچىنىڭ ئىسمى بىلەن ھويلىنىڭ نومۇرىنى بىلسە، ئىزلىگەن قەبرىنى تاپماق شۇنداق ئاسان.

نەچچە مىڭ يىل ئاۋۋالقى فىرئون دەۋرىدىن تارتىپلا مىسىرلىقلار مېيىت نامىزىنى ئاجايىپ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بىرەرسى ئۆلۈپ كەتكەن ھامان شۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى مېيىت نامىزىغا قاتنىشىدۇ.

مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ئاخۇنۇمنىڭ باشچىلىقىدا ئاستا - ئاستا قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭىدۇ. ئاخۇنۇم يول بويى توختىماستىن ئۈنلۈك قىرائەت ئوقۇيدۇ. قەبرىستانلىققا كەلگەندە مېيىتنى يەرلىككە قويىدۇ. يەرلىككە قويۇشتا ئاخۇنۇم رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. جامائەت ئاخۇنۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۇئا - تەكبىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپئاق كېپەنلەنگەن مېيىتنى يەرلىككە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەت يەرلىكتە ئۈنلۈك ئاۋازدا تەكبىر ئوقۇيدۇ. ئاندىن بىرلەپ - ئىككىلەپ تارقىلىدۇ. مېيىت ئىگىلىرى كەتمەي، قەبرە بېشىنى قىرىق كۈن ساقلايدۇ. يىلدا بىر كېلىدىغان روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ھېيتنى ئۇيەردە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قەبرىستانلىق مىسىرلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مىسىرلىقلار ھېيتنى قەبرە بېشىدا قىلسا ئۆلگۈچىلەر بىلەن بىللە دۇنيا لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇرغۇن مىسىرلىقلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر يەرلىك تاللايدۇ، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى گويا كىچىك شەھەرگە ئوخشاپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى «ئۆلۈكلەر شەھىرى» دەپ ئاتايدۇ. قاھىرەدە مۇشۇنىڭدەك ئالمي مەكتەپ قەبرىستانلىقىدىن يەتتىسى بار.

قاھىرەدىكى «ئۆلۈكلەر شەھىرى» مىسىردىكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ بىرى. ھەر كۈنى ئۇرغۇن ساياھەتچىلەر بۇيەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ.

## سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەلىتە ئۆرپ - ئادەتلىرى

سەئۇدى ئەرەبىستانى — ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان، دۇنيادىكى «ئەڭ چوڭ دىنىي دۆلەت». سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلام دىنى پەيدا بولغان مۇقەددەس جاي. بۇ دۆلەت — ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. شۇڭا ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆزگىچە.

## بۇتنى چەكلەش

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بۇت قاتتىق چەكلەنگەن. ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىدىن ئادەم ھەيكىلى، قورچاق، ماگىزىنغا قويۇلىدىغان مودېللار چەكلەنگەن بۇيۇملار قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا بۇت دەپ قارىلىدۇ. بۇتقا چوقۇنۇش ئىسلام دىنىغا زىت بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەيكەل، قونچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى چېگرىدىن ئېلىپ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ماگىزىندىكى مودېللارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى يوق،قورچاقلارمۇ شۇنداق. مەكتەپلەردە رەسىم دەرسىدە ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىشىمۇ قاتتىق مەنئى قىلىنغان. لېكىن دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇنداق ئەھۋال ئاستا - ئاستا ئۆزگەرمەكتە. ھۆكۈمەت بۇتلا بولمىسا، ئويۇنچۇق بىلەن ھەيكەللەرنى بازارلاردا سېتىشقا يول قويماقتا.

## ئەنئەنىۋى جازالاش ئۇسۇللىرى

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا رەسمىي قانۇن يوق، شەرىئەت ۋە ئەنئەنىۋى جازالاش ئۇسۇللىرى بويىچە جازالاش يولغا قويۇلغان.. ئەنئەنىۋى جازالاش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. دەررە ئۇرۇش، قولنى كېسىش، چالما - كېسەك قىلىش، كاللىسىنى ئېلىش. ۋە باشقىلار.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھاراق ئىچىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. بازاردا پىۋا ساتىدۇ. ئىسپىرتسىز ئالاھىدە ئىشلەنگەن بۇ پىۋا تومۇز ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىسپىرتقا سۇ قوشۇپ ئىچىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئاپتېكا ۋە دوختۇرخانىلاردىكى

ئىسمېرتقا باشقا دەرسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، بوتۇلكىغا دېسمېرت زەھەرلىك، ياردىملا ئىشلى- تىلىدۇ، دەپ يېزىپ قويۇلىدۇ. ئەرەبلەر هاراقنا ئامراق كېلىدۇ. هۆكۈمەت هاراقنى چەكلىگەن- سېرى، ئۇلار هاراقنا ئۆزىنى شۇنچە ئۇرۇپ تۇرىدۇ. تەمسرى كۈچى بار دۆلەتمەن ئادەملەر ئۆيىدە ئېسىل هاراقلارنى ساقلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەرلەردە هەرگىز هاراق ئىچەلمەيدۇ. هاراق ئىچىپ كوچىغا چىققانلارنى بىر ھەپتە قاماپ، قىرىق دەررە ئۇرىدۇ. هاراق ساتقانلارنى بىر ئاي قاماپ، هارىقىنى تۆكۈۋېتىدۇ. خۇپىيانە هاراق ساتقانلارنى سازايى قىلىدۇ. ئوغرى، بۇلاڭچىلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلايدۇ. سول قول يۇرەككە يېقىن، ئاسان ئۆلۈم هادىسىسى چىقىپ قالىدۇ، دەپ قارالغاچقا سول قولىنى كەسمەيدۇ. لېكىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، سول قولىنى كېسىپ تاشلايدۇ. قاتىللارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ.

توي قىلماي تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان ئەر - ئاياللارنى، باشقۇنچىلىق قىلغان ئەرلەرنى سەكسەن دەررە ئۇرىدۇ. توي قىلىپ بولۇپ يەنە باشقىلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلارنى چالما - كېسەك قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلار كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. ھېچبولمىغاندا تۆت ئادەم گۇۋاھچىلىق قىلمىسا ئۆتمەسە بولمايدۇ. شوپۇرلار ئىتتىك ماڭسا، بىر ئاي قاماقتا ياتىدۇ، سەكسەن دەررە يەيدۇ. هاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدىسە، بىر ئاي قاماقتا ياتىدۇ.

جازانى جۈمە كۈنى ئىجرا قىلىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى جامائەت مەسچىتكە بارىدۇ. جۈمە نامىزىدىن چىقىپ، مەسچىت مەيدانىدا گۇناھكارلارنىڭ قانداق جازالانغانلىقىغا قاراپ تۇرىدۇ. جازا ئىجرا قىلغۇچىلار گۇناھكارلارنى يالاپ ئەكېلىپ جازا ئىجرا قىلىدۇ. ئېغىر جازا بېرىلگەن گۇناھكارلارنى چەمبەرچاس باغلاپ، يۈكۈندۈرۈپ قويىدۇ. جاللات قېلىچ بىلەن گۇناھكارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. دەررە ئۇرۇشنى مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئېيىقتەك قاۋۇل ئىككى ئادەم ئىجرا قىلىدۇ. ساقچىلار ئاۋۋال گۇناھكارنى دۈم ياتقۇزىدۇ. ئىككى ئادەم نۆۋەت بىلەن گۇناھكارنىڭ دۈمبىسىگە، يامپىشىغا، پاچىقىغا ئۇرىدۇ. بىر ئادەم يانىدا تۇرۇپ سانايدۇ. دەررە جازاسى بېرىلگەن گۇناھكارنىڭ بەدىنى تىتىلىپ، كۆز بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كېتىدۇ. بەزىلىرى يېرىم جان بولۇپ قالىدۇ. بەزىلىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلمەي قالغانلار ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، لەنەتلىنىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى چەتئەللىكلەرنىڭ كۆرۈشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان.

چالما - كېسەك قىلىنىدىغان زىناخور ئەر - ئايالنى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. هۆكۈمەت يېتەرلىك تاش توشۇپ كېلىپ تۆكۈۋېتىدۇ. جازا ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا خالايىق ھېلىقى ئىككىسىگە تا ئۇلار ئۆلگىچە تاش ئاتىدۇ.

## توي - تۆكۈن ئادەتلىرى

سەئۇدى ئەرەبىستاندا خوتۇن - قىزلار چۈمپەردىگە پۈركىنىپ يۈرۈيدۇ. كۆزىنىڭ ئورنى- غىلا ئىككى تۆشۈك ئېچىلغان بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئەر - ئاياللار بىللە بولمايدۇ. مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن ئېچىلغان بانكا، مەكتەپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار. چەتئەللىك ئايال- لارنىڭ ياقىسى كەڭ، كالتە يەڭ، قىسقا كۆڭلەك كىيىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دېڭىز بويلىرى- دا مەخسۇس چەتئەللىك ئاياللارنىڭ چۆمۈلۈش ئورنى بار. ئۇنىڭ ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان، يەرلىكلەرنىڭ ئۇ يەرلەرگە كىرىشى قاتتىق چەكلەنگەن. بۇنداق ئەھۋالدا توي - تۆكۈن ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىدا ماڭغان كىشىنىڭ ياكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىلكىدە بو- لىدۇ. نەسەپ سۈرۈشتۈرىدۇ. ئۇرۇغ - تۇغقانلار ئۆز ئارا توي قىلىدۇ. ئوتتۇرىدا ئەلچى ما- ڭىدۇ. ئىش پىشقاندا، يىگىتنىڭ ئاپىسى ياكى يەڭگىسى ياكى ھەمچى - سىڭلىسى قىز تەرەپ-

كە بېرىپ قىزنى كۆرىدۇ. قىزنىڭ رەڭگى - روھىنى ۋە تەققى - تۇرقىنى يىگىتكە دەيدۇ. يە-
گىت بىر كۈنى بەلگىلەپ قىزنىڭكىگە بارىدۇ. قىز يىگىتكە چاي قويۇپ، قەھۋە تۇتىدۇ. يىگىت
بىلەن قىزنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشىگە بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ پاراڭلىشىشىغا يول قويۇلماي-
دۇ. توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ توي تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. دەۋر-
نىڭ تەرەققىياتىغا ۋە بايلىقىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تويغا باش قوي سالىدىغان ئىشلار ھا-
زىر ئاقماس بولۇپ قالدى. شەھەرلەردە تويلۇققا داچا، ماشىنا، ئېرىق مال، ئالىي دەرىجىلىك
ئۆي سايمانلىرى سېلىنىدۇ. يىگىت گىلەم، تېلېۋىزور، ئۆي سايمانلىرى، رادىئو، ئۈن ئالغۇ،
پاتېفون، كىچىك تىپلىق كىنو ئاپپاراتى، سىن ئالغۇ قاتارلىق بۇيۇملارنى تەييار قىلىدۇ. بۇلارنىڭ
بىرەرسى كەم بولسا بولمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا توي مەرىكىسى ئىككى كۈن داۋام قىلىدۇ. بىرىنچى كۈنى مەرىكە
قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىز تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى تويغا چاقىرىپ
مال سويۇپ، ئەلگە داستىخان سالىدۇ. ئەتىسى يىگىت ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا
قىزنى ئالغىلى قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىز ماشىنىغا چىققىچە يىغلايدۇ. قىزنىڭ ئايال تۇغقانلى-
رى قولاقنى پاڭ قىلىۋەتكىدەك ئاۋاز چىقىرىپ قىزغا بەخت - سائادەت تىلەيدۇ. يىگىت تەرەپ-
مۇ مال سويۇپ، مېھمان چاقىرىپ، توي مەرىكىسىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. شۇ كۈنى ئەر-ئايال
ساھىبخان ۋە مېھمانلار ئەرەب ئۇسلۇبىدا ياسالغان «دىۋان» ئۆيگە يىغىلىدۇ. «دىۋان» ئۆيگە
پۈتۈنلەي گىلەم، تام ياقىلىتىپ پايانداز سېلىنىدۇ. ياستۇق قويۇلىدۇ. باشقا ھېچنەرسە قويۇل-
مايدۇ. ساھىبخانلار بىلەن مېھمانلار كۆرپىدە ئولتۇرىدۇ. بىر چاكار بىر باشتىن مېھمانلارنىڭ
قولىغا ئەتىر چاچىدۇ. يەنە بىر چاكار ئىسرىقدان كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. ئىسرىقداندا پۇرقىراپ
ئىس چىقىۋاتقان ھىندىستاننىڭ ستون دەرىخىنىڭ دىماغنى يارغىدەك خۇشپۇرىقى ئۆينى بىر
ئالىدۇ. چاكار قايسى ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلسە، شۇ ئادەم قوللىرىنى ئىسرىقداندىن چىقىۋات-
قان ئىسقا تەگكۈزۈپ، پۇراپ، كېيىم - كېچەكلىرىگە سۈرتۈپ، توي ئىگىلىرىگە ياخشىلىق ۋە
دۆلەت تىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن قەھۋە كەلتۈرۈلىدۇ. چاكارلار بىر باشتىن قەھۋە قويۇشقا باش-
لايدۇ. ئىچىپ بولسا، يەنە قويۇپ بېرىدۇ. مېھمانلار قەھۋە قويۇلغان قاچىنى ئېلىپ ئالدىغا
قويۇپ قويسا بولمايدۇ، بىراقلا ئىچىۋېتىشى كېرەك. قەھۋەدىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن چاي،
مېۋە شىرنىسى، كۋاس تارتىلىدۇ. مېھمانلار قايسىنى خالىسا شۇنى ئىچىدۇ. تاماقتىن ئاۋۋال
بىر پەتنۇس كۇكۇس بىلەن تاتلىق يېمەكلىك، كەينىدىن پولۇ، كاۋاپ كەلتۈرۈلىدۇ. تاماقتىن
كېيىن مېھمانلار يىگىت بىلەن قىزنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويىدۇ.

## ئەرەبلەرنىڭ مېيىت ئۇزىتىشى

ئەرەبلەرنىڭ مېيىت ئۇزىتىشى ئاددىيراق بولىدۇ. مەيلى باي مەيلى نامرات بولسۇن،
مېيىتنى ئالدى بىلەن مەسچىتكە ئاپىرىدۇ. سۇغا ئېلىپ ئايەت يېزىلغان ئاق خەسىگە ئوراپ
تاۋۇتقا سالىدۇ. (دۆلەتمەن كىشىلەر ئاق شايىغا ئورايدۇ) بەزى يەرلەردە تاۋۇتنىڭ ئالدى
تەرىپى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۈستىگە ئۆلگۈچىنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىل-
دۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ باش كىيىمىنى ياكى سەللىسىنى ئېسىپ قويىدۇ. ئاياللار ئۆلسە بۇنداق
قىلمايدۇ. مەسچىتتە ئۆلگۈچىنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىدۇ. تاۋۇتنىڭ
ئالدىدا بىر ئاخۇنۇم قىرائەت ئوقۇپ ماڭىدۇ. ئەرلەر ئاخۇنۇمنىڭ قىرائىتىگە قوشۇلىدۇ.
ئاياللار يىغا - زار قىلىشىپ ھازا ئاچىدۇ. يەرلىك ئالدىنئالا كولاپ قويۇلغان بولىدۇ. مېيىت

ئۇزاتقۇچىلار يەرلىكنىڭ ئەترابىغا خۇشپۇراق نەرسە چاچىدۇ. ئاندىن مېيىتنى ئاستا - ئاستا يەرلىككە قويىدۇ. ئاخۇنۇم قىرائەت ئوقۇيدۇ. ۋاقتى - ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن دەپ مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلىگە، يەنى مەككە تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. شەرىئەتتە، مۇسۇلمانلار ئۆلسە، مېيىتنى ئۆيدە ئۇزاق قويۇشقا بولمايدۇ. ئەتىگەندە ئۆلگەن بولسا، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەچىقىۋېتىشى، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى قارىلىق تۇتماسلىقى، ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئاخۇنۇم ئۆلگۈچىنىڭ تۇپراق بېشىدا خەتمە - قۇرئان قىلىپ تۇرۇشى كېرەك دېيىلگەن. شىمالىي ئافرىقىغا جايلاشقان ماراكەشتە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى قەبرە بېشىغا چىقىدۇ. ئۇلار قەبرە بېشىغا گۈل ۋە تال چىۋىقلارنى سانجىپ، كېتىدىغان چېغىدا سۇ چېچىپ قويىدۇ.

ئەرەب دۇنياسىدا مېيىت ئۇزىتىش جەھەتتە پەرق ناھايىتى چوڭ. مىسىردىكى ئەرەبلەردە قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى نىسبەتەن چوڭراق بولغاچقا، دۆلەتمەن مۇسۇلمانلار قەبرە قاتۇرىدۇ. خۇددى قاھىرەدىكى ئۆلۈكلەر شەھىرىدىكىگە ئوخشاش.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئەرەبلەرنىڭ مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرى مىسىردىكى ئەرەبلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بارلىق مۇسۇلمانلار «ئاللاھنىڭ ئالدىدا باپباراۋەر» دەپ قارايدۇ. مېيىتنى ناھايىتى ئاددىي ئۇزىتىدۇ. قەبرە قاتۇرمايدۇ، بەلگە قويمايدۇ. قەبرىستانلىقلىرىمۇ ئادەتتە شەھەر سىرتىدىكى قاقاس يەرلەرگە جايلاشقان بولىدۇ.

## ئەرەبلەرنىڭ يېمەكلىكى

ئەرەبلەر تاماققا ئۇستا كېلىدۇ. تاماقلىرىنىڭمۇ تۈرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلار ئاساسەن تاتلىق، مەززىلىك، مايلىق تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. قەھۋە ھەم چاي ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىك.

ئەرەبلەردە چوشقا گۆشى يېيىش مەنئىي قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە تۇزلۇقشى ناھايىتى سەت ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى، مەسىلەن، تاشپاقا، قىسقۇچپاقا ھەم ھارام بولۇپ قالغان نەرسىلەرنى يېمەيدۇ. ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى - قوناق، بۇغداي پۇرچاق ئىدى. كۆپلىگەن ئەرەب ئەللىرىنىڭ نېفىتتىن كىرگەن كىرىمى ئېشىپ، ھازىر ئاساسىي ئوزۇقلۇقتىن باشقا پەمىدۇر، سامساق، قىزىلمۇچ، قوي، كالا گۆشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بولدى.

ئەرەبلەر قەھۋە ۋە چاي ئىچىشكە ئامراق، قاھىرە كوچىلىرىدا بىر نەچچە تال تورت بىلەن بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىپ قورساق توقلىغىلى بولىدۇ. قەھۋەخانا كىشىلەر پاراڭلىشىدىغان، مال باھاسى ھەم دۆلەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرى توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىدىغان ئاممىۋى سورۇن، بۇ يەردە داڭلىق قورۇمىلاردىن كەپتەر گۆشى، دۇملەپ پىشۇرۇلغان بېلىق گۆشى، كاۋاپ بار. ئىچىمنى تازىلىۋەتكەن پۈتۈن قوينىڭ ئىچىگە گۈرۈچ، قورۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك مېغىزى، كۇكۇس قاتارلىق قورۇق مېۋىلەر بىلەن دورا - دەرمەكلەرنى سېلىپ، ئۇنى ئوتتا قاخلاپ پىشۇرىدۇ. بۇنداق پۈتۈن قوي كاۋىپىنىڭ گۆشى يۇمشاق ۋە تاتلىق بولىدۇ.

ئەرەبلەر قول بىلەن تاماق يەيدۇ. تاماقتىن كېيىن قولىنى يۇيۇپ، چاي ئىچىدۇ. شىمالىي ئافرىقىلىق ئەرەبلەر چېيىغا ئاق شېكەر، لىمون سالىدۇ. بۇنداق چاي ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، كىشىنى تېتىكلەشتۈرىدۇ.

قەدىمكى ئۆرپ - ئادەت بويىچە، مېھمان كۈتكەندە، ساھىبخان بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. مېھمانلار ساھىبخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. چاكار مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ. ئەرەبلەر كۆرۈشكەندە سول قولىنى بەرگەن ئادەمنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىگە

قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىدۇ. داستىخانغا ئالدى بىلەن ئۆرۈك مېغىزى، لىمون، پۇرچاق بىلەن ئەتكەن بىر قاچا سۇيۇق - سەلەك تاماق، ئارقىدىن كوكوس، لىمون بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى كەلتۈرۈلىدۇ. ئەرەبلەر ناھايىتى سوزىمەن خەلق. ئۇلار تاماق يېگەچ بىر - ئىككى سائەت پاراڭلىشىپ، تاماقتىن كېيىن قەھۋە ئىچىدۇ. ئاندىن ساھىبخان مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

شىمالىي ئافرىقىلىق ئەرەبلەر «كاسكاس» دەيدىغان بىر خىل تاماقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بۇ تاماقنى مۇنداق پىشۇرىدۇ: قورۇق مېۋە ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇنغا ياكى گۈرۈچكە ئاۋۋال دورا - دەرمان سېپىدۇ، ئاندىن شورپىغا سېلىپ دۇملەيدۇ. يۇمشاق پىشقان قوي گۆشى بىلەن ئۇننى ياكى گۈرۈچنى يۇمىلاقلاپ يەيدۇ.

مىسىرلىقلار تاتلىق نەرسىلەرگە ئامراق كېلىدۇ. قاھىرە كوچىلىرىدىكى يېمەكلىكلەر دۇكانلىرىدا ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، كوكوس، قورۇق ئۈزۈم، شېكەر قومۇچى شىرنىسى، ئانار شىرنىسى، لىمون شىرنىسىگە ئوخشاش يېمەكلىكلەر سېتىلىدۇ.

باغداتتا كىشىلەر بېلىق كاۋىپىنى ياخشى كۆرىدۇ. كەچتە تىگرىس دەرياسى بويىدا شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان چىتلاقلاردا گۈلخان يېقىلىدۇ. بېلىقلار چېلەك - چېلەكلەردە تۇرۇپ كېتىدۇ. خوجايىن چەبدەسلىك بىلەن بېلىقلارنىڭ ئىچىنى تازىلاپ ئوتقا قاخلايدۇ. بېلىق تازا سارغايغاندا، شۇ زامان قوقاسنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ھاۋاغا تارقالغان بېلىقنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىدۇ. باغداتلىقلار گۈلخان ئەتراپىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بېلىق گۆشى بىلەن پېۋا ئىچىدۇ.

### ئەرەبلەرنىڭ تۈنەك كېچىلىكى

ئەرەبلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاساسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايتتى. ئۇ يەرلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، يەرلىرىنىڭ تەكتىن تولىسى قۇملۇق ئىدى. قەدىمكى زاماندىكى ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى چارۋىچىلىق قىلىپ ۋە بەزىلىرى دېڭىزدىن ئۈنچە - مەرۋايىت سۈزۈپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ئىنتايىن ئۇيۇم ئۆتەتتى. بىللە مال باقاتتى، بىللە دېڭىزغا چىقىپ ئۈنچە - مەرۋايىت سۈزەتتى. ئۇلار بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ئۇزۇن تۈنلەرنى پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئەرەبلەر بۇ ئەنئەنىسىنى تا بۈگۈنگىچە ئۆزگەرتمەي ساقلاپ كەلمەكتە.

تۈنەكتە ھەر خىل تېمىدا پاراڭلار بولىدۇ. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال ئەرەبلەر تۈنەكتە سودا - سېتىق، مال - چارۋا ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى. بەزى بىلىملىك ئادەملەر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيتتى. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كۈن ئىچىدە تارتقان جەبىر - جاپاسى ۋە شۇ جاپالارنى قانداق يەڭگەنلىكىنى سۆزلىشى شەرت ئىدى. تۈنەك ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان، بىلىم ئالىدىغان مەكتىپى ئىدى. ئىسلام دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، تۈنەكنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەردى. مۇسۇلمانلار مۇللىلارنىڭ، نوپۇزلۇق دىنىي زاتلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلايدىغان بولدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىر ئائىلە، بىر قەبىلە ياكى بىر - بىرى بىلەن زادىلا تونۇشمايدىغانلار بىللە تۈنەيدىغان ئادەتلەر يوقاپ كەتمىدى. بۇنداق تۈنەكلەردە پاراڭلار تولاراق دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى، ئىلىم - پەن ئۈستىدە بولىدۇ. بەزىلەر شېئىر ئوقۇسا، بەزىلەر ھېكايە ئېيتىدۇ. ناۋادا ئارىدىن بىرەرسى ساز چېلىپ ناخشا ئېيتالىسا، تۈنەك ناھايىتى كۆڭۈللۈك مۇزىكا كېچىلىكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئولتۇرغانلار سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن تۇرمۇش بىلىملىرىنى، مول - مەزمۇنلۇق خەلق تىلىنى ئۆگىنىدۇ.

(ياسىن سېيىت تەرجىمىسى)




## ئادەم ئەلەيھىسسالام

ئاللاتائالا يەرلەرنى، ئاسمانۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى يوقتىن بار قىلدى.

پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىمۇ تۇپراقتىن يارىتىپ ۋۇجۇدىغا روھ بەردى. كېيىن ھەزرىتى ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولغان ھەزرىتى ھاۋانى ياراتتى.

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە نەسلى بارغانسېرى كۆپىيىپ، نۇرغۇن تارماقلارغا ئايرىلدى، سانىمۇ 40 مىڭغا يەتتى. شەيتاننىڭ نەسلىمۇ ئوخشاشلا كۆپىيىپ ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا كىرىشتى.

ھەزرىتى ئادەم ئەۋلادلىرىغا ۋە قەۋملىرىگە ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قىلىشقا ۋە شەيتاننىڭ سۆزلىرىگە ئالدانماسلىققا ئۈندىدى.

ھەزرىتى ئادەم مىڭ يىل ياشاپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى مەككە ئەتراپىدىكى ئەبۇقۇبەيس تېغىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ۋاپات بولغان ھاۋا ئانىمۇ شۇ يەرگە كۆمۈلدى.




## شىش ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى شىش ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولدى.

كەئبىنى دەسلەپ تاش ۋە لايدىن بىنا قىلغان، تۇنجى قېتىم قىلىچ ياسىغان، ئاللاتائالانىڭ ئەمىرلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلارغا قىلىچ قوللانغان ھەزرىتى شىشتۇر.

جانابى ھەق شىش ئەلەيھىسسالامغا 50 سەھىپە كىتاب بەرگەنىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە

ئىلىم ۋە سانائەتكە ئائىت نۇرغۇن ھاياتىي بىلىملەر بار ئىدى.

ئىلك شەھەر سالغان شىشنىڭ قوۋمى ئاللاتائالانىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت ۋە زاتىغا ئىبادەت قىلىپ، ناھايىتى جىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئاللاغا شېرىك قوشۇشقا ئوخشاش بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلانغانىدى.

دادىسى ھەزرىتى ئادەمنىڭ يەر يۈزىگە چۈشكىنىدىن 120 يىل كېيىن تۇغۇلغان شىش ئەلەيھىسسالام 1022 يىل ياشاپ دادىسى بىلەن ئانىسى بار يەرگە كۆمۈلدى.

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالام

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندا ئىنسانلار ھايۋان تېرىسىنى كىيىم قىلىپ ئورۇناتتى، يېزىقنى بىلمەيتتى. ئۇلارغا كىيىم تىكىپ كىيىشنى، يېزىق يېزىشنى، ئوقيا ئىشلىتىشنى بۇ پەيغەمبەر ئىجاد قىلىپ ئۆگەتتى.

ئاللاتائالا ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى جەبرائىل ئارقىلىق 30 سەھىپە كىتاب ئەۋەتتى، ھەزرىتى ئىدرىس بۇ سەھىپىلەردىكى ئىلىم - ھېكمەت، تىبابەتچىلىك، ھېساب، يەر ۋە كۆكلەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئىنسانلارغا ئۆگەتتى، توغرا يول كۆرسەتتى، كۆپپارلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. زامانىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە قارىغاندا كۆپ ئىبادەت قىلغان ئىدرىس ئىنسانلارنى 70 تىل بىلەن توغرا يولغا دەۋەت قىلدى، نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتتى ۋە كۆپلىگەن كىتابلارنى يازدى.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام 180 شەھەر بىنا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى تۈركىيىنىڭ ھازىرقى ئۇرفا شەھىرىدۇر.

360 يىل ئۆمۈر كۆرگەن ھەزرىتى ئىدرىسنى ئاللاتائالا تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى نۇھ شام ئەتراپلىرىدا ياشىدى. ھەق يولدىن چىققان، بۇتلارغا چوقۇنغان قوۋملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى.

952 يىل ئۆمۈر كۆرگەن ھەزرىتى نۇھ خەلقنى توغرا يولغا باشلاش، يامانلىقتىن توساش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىدى، ئۇلارغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى. سۆزلىدى، لېكىن قوۋملىرى زادى ئاڭلاشمىدى، پەقەت ئۈچ ئوغلى، كېلىنلىرى ۋە خەلقتىن 80 كىشىلا ئىمان ئېيتتى، باشقىلىرى قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدى، ئاھانەت قىلدى ۋە خاپا قىلدى، تۆتىنچى ئوغلى يامۇ ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىدى.

ھەزرىتى نۇھ ئۆز قوۋملىرىنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا جازا بېرىشنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىپى قوبۇل قىلىنىپ، ئاللاتائالا بىر كېمە ياساشنى بۇيرىدى، كېمىمۇ ياسىلىپ بولدى، توپان ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

پۈتۈن كاپىرلار توپاندا غەرق بولۇپ، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. توپان ئالتە ئاي

داۋام قىلدى، ئالىتە ئاي داۋام قىلغان توپاننىڭ ئاخىرىدا كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن 80 ئۈممەتىۋە كېمىدىكى ھايۋانلار ئامان قالدى.

توپاندىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالام مەلۇم ۋاقىت ياشاپ، ئاندىن ۋاپات بولدى.

## ھۇد ئەلەيھىسسالام

توپاندىن كېيىن ئىنسانلار زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە يامان يوللارغا كىرىشكە باشلىدى. ھەزرەمۇت تەرىپىدە ئاد قەۋمى ئازغانىدى، ئۇلارغۇن يۈكسەك بىنالىرى، ھەشەمەتلىك قەسىرلىرى بار ئىدى.

ئاللاتائالا بۇ ئازغان خەلققە توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ھەزرىتى ھۇد بۇلارغا ئاللاتائالانىڭ ئەمرلىرىنى چۈشەندۈردى، توغرا ۋە خاتا ھەرىكەتلەرنى بىلدۈردى. سۆزلىگەنلىرىنى قىلىدىغان بولسا ئاللاتائالانىڭ جەننىتىگە، قىلمايدىغان بولسا دوزاققا كىرىدىغانلىقلىرىنى يەتكۈزدى.

ئەمما ئادقەۋمىنىڭ باشلىقلىرى ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشمىدى بەلكى ئۇنى مەسخىرە قىلدى.

ئادقەۋمىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان شەددات ئۆزىنى تەڭرى دەپ ئېلان قىلدى، جەننەتكە ئوخشىتىمەن دەپ ئىرەم بېغى دەپ ئاتالغان بىر شەھەرنى بىنا قىلدى.

بۇلار يامانلىقنى توختاتمىدى. بىركۈنى ئاسماندا قارا بۇلۇتلار كۆرۈنگەنىدى، ئاد قەۋمى كاپىرلارنى يامغۇر كېلىۋاتىدۇ، دەپ خۇشال قىلدى، ئەمما ئۇ يامغۇر ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ قاتتىق بوران ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندە بۇلار ئىش بولۇپ بولغانىدى. بۇ قاتتىق بوران يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز داۋام قىلدى. ئادەملەرنى، ھايۋانلارنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ تاشلىدى، بەستىلىك ئاد قەۋمى كاپىرلىرىنىڭ باشلىرىنى گەۋدىسىدىن جۇدا قىلدى، ئۇ ئېگىز بىنالار، گۈزەل قەسىرلەر يەر بىلەن يەكسان بولدى، غارلارغا كىرىۋالغان، گەمە كولاپ كىرىۋالغانلارنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەتتى. جەسەتلىرىنى قۇملار كۆمۈپ تاشلىدى. كېيىن دېڭىزغا تاشلىنىپ ئىپلاسلىقتىن تازىلاندى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلار بوران چىققان ۋاقىتتىدا بىر يەرگە توپلىنىپ پانالاندى، ئۇلارغا ھېچ ئىش بولمىدى. كېيىن ھەممەيلەن بىرلىكتە مەككىگە قاراپ كەتتى، ئۇ يەردە ئاللاتائالاغا بولغان قۇللۇقلىرىنى داۋام ئەتتۈرۈشتى. ھۇد ئەلەيھىسسالام 450 يېشىدا مەككىدە ۋاپات بولدى.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام

سەمۇد خەلقى شام بىلەن ھەججان ئارىسىدا دەسلەپ ياخشى ياشىغان بولسىمۇ، ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن يولدىن چىقىپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى.

جاناب ھەق ئۇلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلدى. ھەزرىتى سالىھ خەلقنى

توغرا يولغا چاقىردى، ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن نۇرغۇن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ، بۇلارغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن بۇتقا چوقۇنماسلىقنى، زىنا قىلماسلىقنى، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىكنى، ناھەق ئىشلارنى، بۇلاڭچىلىقتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن قېچىشنى سۆزلىدى.

ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن سالىھ ئەلەيھىسسالام قىيا پارچىسىدىن بىر چىشى تۆگە چىقىرىپ ۋە ئۇنى بوتىلىتىپ ئۇلارغا مۆجىزە كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن 100 كىشى ئىمان ئېيتتى، كاپىرلارنىڭ ئۇلۇغلىرى بولسا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام تۆگە بىلەن ئۇنىڭ بوتىسىغا يۇقماسلىقنى، ئەكسى ھالدا ئاللاتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقلىرىنى خەلققە ئېيتتى. ئەمما ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈردى، بوتىسى قايتىدىن قىيانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ھەزرىتى سالىھنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام 4000 دەك مۆمىنلەر بىلەن مەككىگە كەتتى. كاپىرلار قاتتىق زىلزىلە بىلەن كەلگەن ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئاۋاز تۈپەيلىدىن يۈرەكلىرى يېرىلىپ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تاپتى.

ھەزرىتى سالىھ 200 يىل ياشىدى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

چوڭ پەيغەمبەرلەردىن بولغان ھەزرىتى ئىبراھىم نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن 1200 يىل كېيىن دۇنياغا كەلدى

ھەزرىتى ئىبراھىم تۇغۇلغان ۋاقىتتا دادىسى مۆمىنلەردىن ئىدى. كېيىن ئۇمۇ كاپىر بولۇپ كەتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ياخشى مۇئامىلە بىلەن دەسلەپ دادىسىنى، كېيىن خەلقنى ۋە ئۇلارنى خاتا يولغا باشلىغان نەمرۇتنى بۇتلارغا ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىشكە، ھەزرىتى ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىشقا چاقىردى. ئەمما دادىسى بىلەن باشقىلار خاتا يولدىن قايتمىدى، پەقەت يېقىنلىرىدىن ئازغىنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلقنى تەدرىجىي ھالدا خاتا يولدىن قايتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرىنى ئىزدىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بىر كۈنى بۇتخانىغا كەلدى. پالتىسى بىلەن 70 بۇتنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تاشلىدى، يالغۇزلا چوڭ بۇتقا چېقىلماي، پالتىسىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى. كاپىرلار قايتقان ۋاقىتتا بۇتلارنىڭ پارچە - پارچە ھالدا يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ ئىشنى ھەر ھالدا پالتىنى بوينىغا ئېسىۋالغان چوڭ بۇت قىلغان بولسا كېرەك، نېمە ئۈچۈن كىچىك بۇتلارغا چوقۇندىمۇ، دەپ خاپا بولغان ئوخشايدۇ...» دېدى ۋە بۇنى بۇتلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق بەك خاپا بولۇشتى ۋە بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىشمىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنى توغرا يولغا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خاپا بولغان قىرال نەمرۇت ئوت يېقىشنى بۇيرۇدى. كۆيۈۋاتقان ئوتقا ھەزرىتى ئىبراھىمنى مەنجې-

ناققا ئۇلتۇرغۇزۇپ تاشلاتقۇزدى. يانغىن ئىچىدە قالغان جايى بىردىنلا ياپيېشىل گۈلىستانغا ئايلاندى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام گۈل - گۈلىستان ئىچىدە قالدى.

بۇ ئۇلۇغ مۆجىزىنى كۆرگەنلەرنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولدى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئارىسىدا نەمرۇتنىڭ قىزىمۇ بار ئىدى. لېكىن نەمرۇت باشلىق كاپىرلار ئىمان ئېيتمىدى، ئەكسىچە خاتا يولنى داۋام قىلىۋەردى. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شام (دەمەشق)، مىسىر، ھەرران، ئۇرفا، كەنئان، پەلەستىن ۋە مەككە دىيارلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. 200 يىلغا يېقىن ياشىغان ھەزرىتى ئىبراھىم قۇددۇستا ئۆز لەقىمى «خەلىلۇر راھمان— ئاللاھنىڭدوستى» دەپ ئاتالغان يەرگە دەپنە قىلىندى.

## لۇت ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى لۇت ئەلەيھىسسالامسېدۇم خەلقىگە پەيغەمبەر بولدى.

سېدۇم خەلقى بەك ئەخلاقسىز ئىدى، كۆپچىلىكى بۇتقا چوقۇناتتى. ئاللاھقا قۇللۇق قىلمايتتى، ھەزرىتى لۇت ئۇلارنى بۇ يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن 20 يىل تىرىشتى. ئاللا تائالانىڭ ئازابى بىلەن ئۇلارنى قورقۇتتى، ئەمما ئۇلار يامان ئىشلىرىنى داۋام قىلىشىۋەردى.

بىر كۈنى ھەزرىتى لۇت ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملىرى بىلەن كېچىدە سېدۇمدىن چىقىپ ھىجازغا كەتتى، تاڭ ئېتىشى بىلەن ئاللاھ سېدۇم كاپىرلىرىنىڭ بېشىغا تاش ياغدۇردى. يەر تەۋرەپ شەھەرلىرى خاراب بولدى. يەر ئاستىدىن قايناپ تۇرغان سۇلار ئېتىلىپ چىقىپ بۇ يەرلەر كۆلگە ئايلاندى. ھەزرىتى لۇتنىڭ بۇ يەردە قالغان خوتۇنى كاپىرلار بىلەن ھالاك بولدى، ھازىر بۇ شەھەرنىڭ ئورنىدىكى كۆل «لۇت كۆلى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

لۇت ئەلەيھىسسالام قوۋمىنىڭ جازالىنىشىدىن كېيىن يەتتە يىل ياشاپ 80 يېشىدا ۋاپات بولدى ۋە تاغىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار خەلىلۇر راھماندا دەپنە قىلىندى.

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ خانىمى ھەزرىتى سارە بالا كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە مىسىر پىرئەۋنىنىڭ ھەدىيە قىلغان خىزمەتچىسى ھاجەرنى ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۆستى، ھەزرىتى ئىبراھىممۇ ئارىلاپ مەككىگە كېلەتتى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەتتى. بىر كېلىشىدە ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە كەئبىنىبەنا قىلدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامجۇرھۇم، ئامالىقا قوۋملىرى، يەمەن ئاھالىسى ۋە باشقا بەزى قەبىلىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، دادىسى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ شەرىئىتىگە ئاساسەن ئۈممىتىگە ناماز، زاكات ۋە باشقا بۇيرۇقلارنى ئۇقتۇردى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام 12 ئوغۇل كۆردى، بۇلار ئەرەب مىللىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ چوڭ ئوغلى قايزارنىڭ نەسلىدىن بولىدۇ.

137 يېشىدا ۋاپات بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەئبىدە ھاتىم دېيىلگەن يەردە ئانىسى ھەزرىتى ھاجەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ چوڭ خوتۇنى ھەزرىتى سارە كۆپ يىغلايتتى ۋە ئۆزىگە بىر ئەۋلاد بېرىشنى ئاللاھتىن يالۋۇرۇپ سورايتتى. ئاخىرى ھەزرىتى ئىسمائىلدىن 13 يىل كېيىن ئۇمۇ ئىسھاق ناملىق بىر ئوغۇل كۆردى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، شام بىلەن پەلەستىن ئەتراپلىرىدا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ئادەملەرنى يامانلىقتىن تايدۇرۇپ توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشتى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئەجدادى بولغان ھەزرىتى ئىسھاق 180 يېشىدا ۋاپات بولدى ۋە خەلىلۇر راھماندا ياتقان دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى.

## ياقۇپ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ياقۇپ تاغىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا 14 يىل مال بېقىپ بەردى، تاغىسى ھەزرىتى ياقۇپقا قىزىنى بەردى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 ئوغلى دۇنياغا كەلدى. ئۇ كۆپ بالىلىق بولدى.

ھەزرىتى ياقۇپنىڭ لەقىمى «ئاللاھنىڭ قۇلى» مەنىسىدىكى ئىسرائىل ئىدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئەشۇ 12 ئوغلىدىن تۆرۈلۈپ كەلگەنلىكتىن ھازىرغىچە مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

دادىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك ۋەھيى كەلگەن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام خەلقنى توغرا يولغا چاقىردى، ئۇلارغا ئاللا تائالانىڭ ئەمىرلىرىنى بىلدۈردى.

147 يېشىدا ۋاپات بولغان ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىمۇ خەلىلۇر راھماندۇر.

## يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى يۇسۇپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى. دادىسى ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن باشقا ئوغۇللىرىغا ئوخشىمايدىغان بەزى خىسلەتلەرنى كۆرەتتى، باشقا بالىلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلەتتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بالىلىرىدىن يۇسۇپنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن پايدىلانغان شەيتان ئۇنىڭ باشقا ئوغۇللىرىنى كۈشكۈرتەتتى.

ئۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى دالىغا ئېلىپ چىقىپ بىر قۇدۇققا تاشلاشتى، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر كارۋانغا قۇل دەپ سېتىشتى.

كارۋان مىسىرغا كەلگەندە ھەزرىتى يۇسۇپنى ئىككىنچى قېتىم مەملىكەتنىڭ باشۋەزىرى قىممەت باھاغا سېتىۋالدى.

ھەزرىتى يۇسۇپ چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەزىز خوتۇنى زىلەيخا يۇسۇپ ئەلەيـ

ھەسسالامغا قارشى ھارام مۇناسىۋەت قىلىش ئىستىكىدە بولدى. بۆھتان چاپلاپ ئېرىگە چېقىپ، ھەزرىتى يۇسۇپنى سولاتتى، ئۇ 12 يىل ھەپسىدە ياتتى.

ھەزرىتى يۇسۇپ ھەپسىدىكىلەرنى يامانلىقنى تاشلاپ ئاللاتائالانىڭ توغرا يولىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلارغا ئىلىم - ھېكمەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، بولغۇسى ئىشلارنى سۆزلەپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ زىنداندا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى داۋام ئەتتۈردى. مىسىر ھۆكۈمدارىنىڭ بىر چۈشىگە تەبىر بەرگەنلىكى ئۈچۈن زىنداندىن چىقتى. ھۆكۈمدارنىڭ چۈشى ئاۋۋال مولچىلىق، كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنتى. بۇ ۋاقىتتا ئۆلگەن ئەزىزنىڭ ئورنىغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى. مىسىرنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئىدارە قىلاتتى. بۇ ئارىدا ئاللا تائالانىڭ ئەمرى بىلەن زىلەيخاغا ئۆيلەندى، ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىز كۆردى.

ھەممە يەرنى قاپلىغان قەھەتچىلىك ھەزرىتى ياقۇپ ياشاۋاتقان كەنئان ئەللىرىنىمۇ قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى مىسىردا خەيرى - ساخاۋەتچى بىر ۋەزىرنىڭ خەلققە يېمەكلىك تارقىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ مىسىرغا كېلىشتى. ھەزرىتى يۇسۇپ قېرىنداشلىرىنى تونۇدى، ئەمما ئۆزىنى تونۇتمىدى، لېكىن تاغارلىرىنى ئاشلىققا تولدۇرۇپ بەردى، ئۇلارغا تۆلىدۇرماي ئاشلىققا تۆلىگەن پۇللىرىنى تاغىرىنىڭ ئىچىگە سالغۇزۇپ قويدى.

ھەزرىتى ياقۇپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئوغلى بۇنيامىننى يېنىدا تۇتاتتى، ئۇنى بىر يەرگە ئەۋەتمەيتتى، ھەزرىتى يۇسۇپ قېرىنداشلىرىغا: يەنە كەلگەندە بۇنيامىننىمۇ بىللە ئەكېلىشىنى، بولمىسا ئاشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. چۈنكى ئاشلىق ئادەم بېشىغا بېرىلەتتى.

ئوغۇللىرى كېلىپ دادىسىغا ئەزىزنىڭ ياخشىلىقىنى دەپ بەردى. ئىككىنچى قېتىم بېرىشتا بۇنيامىننىمۇ ئەۋەتىشنى، بولمىسا ئەزىزنىڭ ئاشلىق بەرمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى. بۇنيامىننى بىللە ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ دادىسىنى ماقۇل قىلىشتى. بۇنيامىن بىلەن ھەممە قېرىنداشلار بىللە مىسىرغا كەلگەندە، ھەزرىتى يۇسۇپ ئۇلارنى يەنە ياخشى كۈتىۋالدى. بۇنيامىنغا يوشۇرۇنچە ئۆز قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئامال قىلىپ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى، بۇنى باشقا قېرىنداشلىرىغا بىلدۈرمەسلىكىنى چۈشەندۈردى ۋە بىر ئامال بىلەن بۇنيامىننى يېنىدا ئېلىپ قالدى.

ھەزرىتى ياقۇپ تېخىمۇ قايغۇرۇشقا باشلىدى. ئوغۇللىرى مىسىرغا يەنە كېلىپ، ھەزرىتى يۇسۇپكە دادىلىرىنىڭ ناھايىتى قايغۇرۇپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، قېرىندىشى بۇنيامىننى ئۆزلىرىگە قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۆز ئارا بولغان سۆھبەت نەتىجىسىدە ۋەزىرنىڭ ئۆز قېرىندىشى ھەزرىتى يۇسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولۇشتى. كۆڭلىكىنى دادىسىغا ئاپىرىپ بېرىشنى، پۈتۈن تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، مىسىرغا كېلىپ، بىرلىكتە ياشاشنى تەلەپ قىلىشتى.

ھەزرىتى ياقۇپ ۋە پۈتۈن ئەۋلادى 70 كىشىلىك بىر كارۋان بولۇپ، مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. ھەزرىتى يۇسۇپ ھۆكۈمدار ۋە مىڭلارچە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى. 20 يىل جۇدالىقتىن كېيىن ئاتا - بالا بىر يەرگە جەم بولۇشتى.

ھەزرىتى يۇسۇپ بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن مىسىردا 17 يىل ياشىغان

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام 147 يېشىدا ۋاپات بولدى. ۋەسىيىتى بويىچە ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ، دادىسىنىڭ يېنىدا خەلىلۇر راھمانغا دەپنە قىلىندى.

ھەزرىتى يۇسۇپمۇ دادىسىدىن كېيىن 23 يىل ياشىدى، قەغەزگە خەت يېزىشنى ھەزرىتى يۇسۇپ ئىجاد قىلغانىدى.

ھەزرىتى يۇسۇپ 111 يېشىدا ۋاپات بولدى. تاۋۇتى نىل دەرياسىغا قويۇلدى. ھەزرىتى مۇسا دەۋرىگە كەلگەندە يۇرتىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانىدى.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى شۇئەيب بىلەن ھەزرىتى ئەييۇپ ھامھەلار ئوغۇللىرىدۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىزىل دېڭىزغا يېقىن مەديەن ۋە ئەيكە ناھىيىلىرىدە ياشايدىغان خەلقلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. مەديەن ئاھالىسى بۇتقا چوقۇنىدىغان، ئېلىم - بېرىمدە ھىيلە ئىشلىتىپ ھارام پۇل تاپىدىغان، ئوغرىلىققا ئوخشاش يامان يوللار بىلەن باي بولۇشقا قاراپ ماڭغان بىر خەلق ئىدى. ئەيكە خەلقىمۇ زىچ ئورمانلار ئىچىدە، بۇتقا چوقۇنۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ ياشايدىغان بىر قوۋم ئىدى.

ھەزرىتى شۇئەيب ئۇلارنى توغرا يولغا ۋە مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىردى، ئەمما ئۇلار ئەسلا ئىشەنمىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاتائالا كۆيدۈرگۈچ بىر ئىسسىقلىق بەردى. يەتتە كۈن ئىچىدە قۇياشنىڭ قىززىقى بىلەن دەريالار، ئاقار سۇلار قايىندى. يەتتىنچى كۈنى بىر قارا بۇلۇت كۆرۈندى، كاپىرلار كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقلىقتىن ئۇنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. بىردىنلا بۇلۇتتىن ئوت چۈشۈپ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. كۈچلۈك بىر ئاۋاز ۋە زىلزىلە بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك بولدى.

ھەزرىتى شۇئەيب ئۆزىگە ئىشەنگەنلەر بىلەن بىللە مەككە تەرەپلىرىگە كەتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىر قىزىنى ھەزرىتى مۇساغا ئۆيلۈك قىلدى. 300 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئەييۇپ مۇسۇل ۋە نىنەۋا تەرەپلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئائىلىسىدىن باشقا ئۈچلا كىشى ئىمان ئېيتقانىدى.

ئۆزى كۆپ مال- مۈلۈك ئىگىسى ئىدى. جانابى ھەق ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىدىن مال - مۈلكىنى ئايرىۋەتتى. ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام كەمبەغەللەشتى، كېسەلچان بولۇپ قالدى، ئەمما ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشنى ۋە ناماز ئوقۇشنى زادىلا تاشلىمىدى.

ئاخىرى ھەزرىتى ئەييۇپ ئۈچۈن سىناق ئاخىرلاشتى. ئاللاتائالا ساقلىق ۋە قۇۋۋەتنى ئەۋلاد ۋە مال - مۈلۈكنى بۇرۇنقىدىن كۆپرەك بەردى. ئۇنىڭ سەۋرلىك ۋە شۈكرانىلىقىنى كېيىنكى پەيغەمبەرلەر مەدھىيىلىدى. ھەزرىتى ئەييۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشتى. نامى تىللاردا داستان بولدى. ئۇ 140 ياشتا ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى بىشىر ئۆتتى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مىسىردىكى مۇسۇلمانلار ئاستا - ئاستا دىنلىرىنى تەرك ئەتتى، قايتىدىن بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بولۇشتى.

مىسىر پىرئەۋنىمۇ شەدداد ۋە نەمرۇتقا ئوخشاش ئىلاھلىق دەۋاسى قىلدى.

كاھىنلاردىن بىرى پىرئەۋنگە، ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئەۋلادىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە مەملىكىتىگە چوڭ زەرەر كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن پىرئەۋن ئىسرائىل ئوغۇللىرى خوتۇنلىرىنىڭ تۇغقان پۈتۈن ئوغۇل بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن ئىمراننىڭ خوتۇنى يوھابىدىمۇ مۇشۇ چاغدا يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئوغۇل تۇغدى. پىرئەۋننىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت يوشۇرۇن بېقىپ، بىر ساندۇققا سېلىپ نىل دەرياسىغا قويۇۋەتتى. پىرئەۋننىڭ بالىسى يوق خوتۇنى ئاسىيە ساندۇقنى كۆرۈپ قېلىپ، دەريادىن سۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنى بالا قىلىپ سارايدا تەربىيىلىدى. ھەزرىتى ئاسىيە ئۇلۇغ ئىمان ئىگىسى بىر خوتۇن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى مۇسا سارايدا ئۆستى. قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مىسىرلىق مۇسانىڭ قولىدا ئۆلدى. شۇ تۈپەيلى سارايغا قايتماي مىسىرنى تەرك ئەتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن قايتىپ كېلىپ، پىرئەۋننى ئاللاغا ئىشىنىشكە چاقىردى، نۇرغۇن مۆجىزىلەر كۆرسەتتى.

پىرئەۋن ئۇنى سېھىرگەرلىك قىلىۋاتىدۇ دېدى. پۈتۈن سېھىرگەرلەرنى يىغىپ، ھەزرىتى مۇساغا قارشى سېھىر قىلدۇردى. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى چوڭ بىر ئەجدىھا بولۇپ ئۇلارنىڭ سېھىر بىلەن پەيدا قىلغان يىلان شەكلىدىكى يىپ تاياققا ئوخشاش نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇپ يوق قىلدى. كېيىن يەنە ھاسا ھالىغا كەلدى. بۇ مۆجىزە ئالدىدا سېھىربازلارمۇ ھەزرىتى مۇساغا ئىمان ئېيتتى.

پىر ئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىمانغا كەلمىدى. ھەزرىتى مۇسا بىر كېچىسى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئېلىپ مىسىردىن چىقىپ كەتتى، پىرئەۋن ئەسكەرلىرى بىلەن ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى قىزىل دېڭىزغا يېتىپ كەلگەندە پىرئەۋن قوغلاپ يېتىشىۋالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرغانىدى، يول ئېچىلدى. ئاللاتائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئىشەنگۈچىلەر قارشى تەرەپكە كېچىپ ئۆتۈپ قۇتۇلدى. شۇ يولدىن كېچىپ ئۆتۈپ ئۇلارنى تۇتماقچى بولغان پىرئەۋن ۋە ئەسكەرلىرى سۇدا غەرق بولدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالا قوۋمى بىلەن تۇغرا قۇددۇسقا كەتتى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ياشاپ 120 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ھارۇن ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ھارۇن مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ ئاكىسى، ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن مىسىر پىرئەۋنىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بولغان، خۇشپېئىل، سۆزمەن زات ئىدى.

ھەزرىتى مۇسا پىرئەۋننى ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغاندا، ئاكىسى ھارۇن ئەلەيھىسسالاممۇ ياردەملەشكەنىدى. ئاللاتائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ھەزرىتى مۇساغا، تەۋرات مەزمۇنلىرىنى ئىنسانلارغا ھارۇن ئەلەيھىسسالام يەتكۈزەتتى، ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىراتتى.

ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۇكىسى مۇسادىن 11 ئاي بۇرۇن 123 يېشىدا تىھ چۆلىدە ۋاپات بولدى. قەبرىسى تۇر تېغىنىڭ قېشىدىكى بىر غاردىدۇر.

## ئىلياس ئەلەيھىسسالام

ئاللاتائالا بەئىلبەك خەلقىنى توغرا يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىلياسنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. سۇرىيەنىڭ بەئىلبەك شەھىرىدە ئالتۇندىن قويۇلغان بەئىل ناملىق چوڭ بىر بۇت بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى ۋە خەلقى بۇ بۇتقا چوقۇناتتى. ھەزرىتى ئىلياس ئۇلارغا بۇ بۇتقا چوقۇنماسلىقنى، ئۆزلىرىنى ياراتقان ۋە ھەر تۈرلۈك نېمەتنى ئاتىيمىغان يېگانە ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆگىتۈردى ۋە شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۆزگە كىرمىسە ئازاب چېكىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقۇتتى.

خەلق ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى، ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىرلىرىدىن ۋە بەزى كەمبەغەللەردىن باشقا ھېچكىم ئىمان ئېيتمىدى. ئىشەنمىگەن كاپىرلار ھەزرىتى ئىلياسنى شەھەرلىرىدىن قوغلىدى، بېشىغا جىق بالالارنى كەلتۈردى.

كېيىن ئىلياس ئەلەيھىسسالام قايتا ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەنمىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن تولا ئازار يېگەن ئىلياس ئۇلاردىن ئايرىلىپ كېتىش ئۈچۈن جانابى ھەقتىن دۇئا قىلىپ تۇرۇپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئوتلۇق بىر ئات بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئاسماندا مالائىكىلەر بىلەن يۈردى، يەر يۈزىدە خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى.

## ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىلياس قەۋمىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىسى ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالامنى ئورنىغا قالدۇرغانىدى. ئاللاتائالا كېيىنچىرەك ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بەردى.

ئەلىيەسەئ دەسلەپ دېھقانچىلىق قىلاتتى، ھەزرىتى ئىلياستىن دەرس ئالاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى يامانلىقتىن قۇتقۇزۇپ توغرا يولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەك تىرىشتى، نۇرغۇن مۆجىزىلەرمۇ كۆرسەتتى.

ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرىغا قارىماي، ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئىسيان كۆتۈرۈشتىن، يامانلىقلاردىن يانمىدى. ھەزرىتى ئەلىيەسەئ ۋەزىپىسىنى تاماملاپ 75 يېشىدا ۋاپات بولدى. كېيىن ئاللاتائالا ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى جازاغا دۇچار قىلدى، ئاسۇرلۇقلار كېلىپ مەملىكەتلىرىنى بېسىۋالدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى بابىلغا كۆچۈپ ئەسىر ۋە ئاھانەت ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

## زولكىفل ئەلەيھىسسالام

ئاللاتائالا، ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ تاماملانغانلىقىنى، روھىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزىدىن كېيىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى توغرا يولغا باشلاش ۋە يامانلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرسىگە تەكلىپ بېرىشىنىمۇ بۇيرۇغانىدى.

ھەزرىتى ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىپىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ دەپ سورىغىنىدا خەلق ئىچىدىن زولكىفل ئەلەيھىسسالام چىقتى.

زولكىفل ئەلەيھىسسالام خەلقنى توغرا يولغا چاقىردى. ياخشى ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلدى. كېچە - كۈندۈز دېمەي كۆپ ئىبادەت قىلدى. يول كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىمۇ بېرىلدى. ئىنسانلارغا ياخشىلىق ۋە

ياماnلىقنى يىلدۇرۇشنى داۋام قىلدى.

قەبرىسى شامدىكى سالىھىيەدەدۇر.

## داۋۇت ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى داۋۇت، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن چوڭ پەيغەمبەر. ئامالىقە خەلقىنىڭ كۈچلۈك - قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن قوۋمىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكە بولغانىدى.

تالۇتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھەزرىتى داۋۇت ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمدارلىق بىلەن پەيغەمبەرلىكنى بىرلەشتۈرگەن دەسلەپكى كىشى بولدى.

ھەزرىتى داۋۇت كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلاتتى. خەلقىنىڭ دەۋالىرىغا ۋە باشقا ئىشلىرىغا قارايتتى، كەمبەغەللەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپاتتى. دۈشمەنگە قارشى جەڭلەرگە چىقاتتى، ھەقنىڭ ئەمرلىرىنى، خەلقنىڭ ئىشلىرىنى دېگەندەك ئورۇندايتتى.

داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا تۆت چوڭ كىتابتىن زەبۇر چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئۆزى خۇش ئاۋاز بولغاچقا، خەلققە زەبۇرنى ئوقۇپ بەرگەندە تەسىرلىنىپ كەتكەن ئادەملەر ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشاتتى. بۇ مەنىۋى ھاياتنىڭ تەسىرىگە ئىنسانلار بىلەن بىرگە تاغ-تاشلار، دەل - دەرەخلەر، قۇش ۋە ھايۋاناتلارمۇ ئۇچرايتتى، ئاللاتائالاغا زىكىر قىلىشاتتى. باشقا بىر مۆجىزىسى بار ئىدىكى، تۆمۈر قولىدا بال مومدەك ئېرىپ كېتەتتى.

ھەزرىتى داۋۇت ئەيكە شەھىرىنىڭ خەلقىنى توغرا يولغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇلار ھەزرىتى داۋۇتنىڭ دېگەنلىرىگە زادىلا ئىشەنمىدى. ئاللاھ ئۇلارنى مايمۇن ھالىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ھەزرىتى داۋۇت 40 يىل سۈرگەن ھۆكۈمدارلىق زامانىدا، قىزىل دېڭىزدىن فىرات دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئېلىپ نۇرغۇن شەھەر بىنا قىلدى. قۇدۇس مەسچىتى ئەقسانى ياساش ئىشىنى باشلىغان بولسىمۇ ئۆمرى يار بەرمىدى.

70 يېشىدا ۋاپات بولدى، قەبرى قۇددۇستادۇر.

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى داۋۇتتىن كېيىن، 18 ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام 18 يېشىدىلا پەيغەمبەر ۋە ھۆكۈمدار بولدى. بەك ئەقىللىق ۋە كامالەت ئىگىسى بولغان ھەزرىتى سۇلايمان، دادىسى ھايات ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەرنىڭ دەۋالىرىنى سورايتتى، توغرا ۋە جايىدا ھۆكۈم قىلاتتى. دادىسىدىن كېيىن پەيغەمبەر ۋە ھۆكۈمدار بولغاندىمۇ ئىشلىرىنى ئاشۇنداق داۋاملاشتۇردى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ كۆپ ئىبادەت قىلاتتى، ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتاتتى. ئاللاتائالا ئىنسانلارنى، جىنلارنى، ھايۋانلارنى، قۇشلارنى ۋە شامالنى بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە بەرگەنىدى. ھەزرىتى سۇلايمان بۇلارنىڭ تىللىرىنى بىلەتتى، ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتى، قوشۇنىنى بىر مەملىكەتتىن باشقا مەملىكەتكە شامال - بوران ئارقىلىق توشاتتى. سوپۇن ۋە تۈگمەن قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭ زامانىدا ئىجاد بولغانىدى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش 40 يىل ھۆكۈمدارلىق ۋە پەيغەمبەرلىك قىلغاندىن كېيىن 53 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ياقۇپنىڭ نەسلىدىن بولغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، مۇسۇلنىڭ ئۇدۇلىدىكى نىنەۋا شەھىرى ئاھالىسىگە 30 يېشىدا پەيغەمبەر بولدى. ئاسۇرلۇقلارنىڭ مەركىزى بولغان بۇ شەھەردە ئىسرائىل ئوغۇللىرىمۇ ئاسارەتتە ياشىماقتا ئىدى.

خۇشپېئىل ۋە كۆڭلى يۇمشاق بولغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالام خەلقنى بۇتلارغا چوقۇنۇپ يامانلىقلارنى قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن بىر نەچچە يىل ھەرىكەت قىلدى. ئارىدىلا بىر قانچە كىشى ئىمان ئېيتتى. ئۇ 40 كۈندىن كېيىن بىر بالايى - ئاپەت بىلەن ھالاك بولىدىغانلىقلىرىنى قەۋملىرىگە ئۇقتۇردى، ئۆزىمۇ خاپا بولغاچقا، ئادەمسىز يەرگە كەتتى. قەۋمى ئۇستىگە كېلىدىغان بالا يېقىنلىشىپ قالغاندا ئاللاھقا يالۋۇرغانىدى، ئاللاھ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، بالانى كەلتۈرمىدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام جانابىھەقتىن رۇخسەت ئالماستىن شەھەرنى تاشلاپ كەتكىنى ئۈچۈن دېڭىزدا بىر بېلىقنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بېلىق ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى كېمىگە چىقىرىپ ئولتۇرغان يېرىگە قويدى. بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كېيىن، يەنە قەۋمىنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

خەلقنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى يۇنۇسقا ئىمان ئېيتتىپ، توغرا يولغا كىردى ۋە قىممەتلىك ئادىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھۆرمەت قىلىشتى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام 83 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## لوقمان ئەلەيھىسسالام

ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن سودىگەرچىلىك قىلاتتى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا ياردەمدە بولاتتى، خەلقنى ياخشىلىق قىلىپ، يامانلىقتىن قېچىشقا چاقىراتتى.

مىڭ يىل ياشاپ، مىڭ پەيغەمبەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن ئىلىم - ھېكمەت ئالماشتۇرغانىدى. داۋۇت ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ھاكىملىق قىلىپ پەتىۋا بېرەتتى، ھەزرىتى داۋۇت كېلىشى بىلەن بۇ ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ئۇنىڭغا تەلەبىلىك قىلدى.

ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرى بەك مەشھۇردۇر.

قۇددۇسقا يېقىن رەملە دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغاندۇر.

## زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى زۇلقەرنەيننىڭ ئەسلى ئىسمى مەرزۇبان بولۇپ، يەمەن ھۆكۈمدارلىرىدىن ئىدى.

ھەزرىتى زۇلقەرنەين، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، نەمرۇت دەۋرىدىن كېيىن، ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىرىش ۋەزىپىسى بېرىلگەنىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلى ھەمدە ۋەزىرى، قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئىدى، ئىلىم - ھېكمەت ئىگىسى، ئادىللىقتە نىسبەتەن ئادىل ئىدى. كاپىرلارغا نىسبەتەن داۋاملىق ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇپ، ئىمان ئېيتقانلارغا ياردەمچى، ئېيتمىغانلارغا قىلىچ قوللانغۇچى مەرد كىشى ئىدى.

ئاللاتائالا بۇلۇتلاردىن ئەمرىگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قوشۇنى بىلەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىراتتى، قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇققا، يورۇقلۇقنى قاراڭغۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن مۆجىزىسى بىلەن ھەر ۋاقىت غەلىبە قىلىپ دۈشمەنلىرىنى يوقىتاتتى.

زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام مەدىنە بىلەن شام ئارىلىقىدىكى دۆمە تۈلجەندەل شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى، ھەزرىتى زۇلقەرنەيندىن قالغان بىر سۈننەتتۇر.

## ئۇزەيىر ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئۇزەيىر ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. بۇختۇننەسىر ئىسىملىك بىر كاپىر قىرالنى (كارولنى) ۋە بابىل خەلقىنى توغرا يولغا چاقىرغانىدى.

ئەللىك يېشىغىچە ئەسىر تۇرمۇشى كەچۈردى، ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ، قۇددۇس شەھىرىگە كەلگەندە شەھەرنىڭ خاراب بولغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئېچىندى، بۇ شەھەرنى قانداق ئوڭشىغىلى بولار دەپ ئويلاندى.

ئاللاتائالا ئۇنى يۈز يىل بىر يەردە ئۇخلاتتى، يۈز يىلدىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، شەھەرنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقىنى كۆردى ـ دە ھەيران بولدى. ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇدى.

قۇددۇس خەلقىگە بېشىدىن كۆچۈرگەنلىرىنى چۈشەندۈردى، تەۋراتنى ئۇلارغا يېڭىدىن ئۆگەتتى، نەسىھەتلەر قىلدى، كۆپ كىشىلەر ئىمان ئېيتتى، نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئۇزەيىرنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلىدى، ئۇنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى»دەپ ئاتاشتى.

ھەزرىتى ئۇزەيىر مەن بىر پەيغەمبەر مەن دەپ ھەر قانچە چۈشەندۈرسىمۇ ئىشەنمىدى.

قايتا تىرىلىپ 50 يىل ياشىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

## زېكرىيا ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى زېكرىيا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن. ئۇ مەسجىدى ئەقسانىڭ رەئىسلىكىنى قىلاتتى. ئۇ يەردە تەۋرات يازاتتى، قۇربانلىق قىلاتتى، كۆپ ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلەپ خەلقنى توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشاتتى، ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ھەزرىتى زېكرىيا، ئاللاتائالادىن بىر ئەۋلاد تىلەپ تۇرۇپ، ئىزىدىغا ئورۇنباسار پەيغەمبەر بولۇشنى تىلىگەنىدى، دۇئاسى قوبۇل بولۇپ ھەزرىتى يەھيا دۇنياغا كەلدى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرى شەيتاننىڭ بۇزۇق يولىغا كىرىپ كەتتى ۋە ھەزرىتى زېكرىياغا بۆھتان چاپلاپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. زېكرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىگە يوشۇرۇندى. بۇنى بىلىپ قېلىپ، دەرەخنى ھەرىدەپ ئىككىگە بۆلۈپ شەھىد قىلىشتى. ھەزرىتى زېكرىيا بۇ چىدىغۇسىز ئازابقا ئاللاتائالادىن كەلگەن خىتابنى ئاڭلاپ سەبىر قىلىپ چىدىدى، «ۋاي» دېيىمۇ قويمىدى.

## يەھيا ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى يەھيا كىچىكىدە دادىسى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلايتتى، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. بالىلىق ۋاقتىدىلا تەۋراتنى قولىغا ئېلىپ، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغانىدى. ئاخىرى يەتتە يېشىدا قوۋمىگە پەيغەمبەر بولدى.

كېيىن يەھيا ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەيسانىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئىنجىلگە ئاساسلىنىپ ئىش قىلىشقا باشلىدى، قوۋمىگىمۇ شۇنداق قىلىشنى بىلدۈردى.

ھۆكۈمدار ھېرىدوس قېرىندىشىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولغانىدى، ھەزرىتى يەھيا بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا خاپا بولغان قىز بىلەن ئانىسى ھۆكۈمدارنى مەس قىلىپ، ھەزرىتى يەھيانى ئۆلتۈرگۈزدى. كېسىلگەن مۇبارەك بېشىمۇ «بۇ قىز ساڭا ھارامدۇر» دېدى. ھۆكۈمدار قىزغا ئۆيلەنگەن بولسىمۇ كېيىن جازاسىنى يېدى.

ھەزرىتى يەھيا شەھىد قىلىنغاندا 34 ياشتا ئىدى.

## ئېيسا ئەلەيھىسسالام

ئاللاتائالا ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىز ياراتتى. ئانىسى مەريەم ئانىمىزدۇر. بىر نەچچە كۈنلۈك بوۋاق ۋاقتىدىلا ئۇ سۆزلىگەنىدى. 12 ياشقىچە ئانىسى بىلەن مىسىردا ياشىدى. 30 ياشقا كىرگەندە پەيغەمبەر بولدى. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئەۋەتتى.

ھەزرىتى ئېيسا كۆپلىگەن مۆجىزىلەر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىشەنگۈچىلەر بەك ئاز بولدى. 12 كىشى ئىمان ئېيتتى، ئۇلاردىن بىرى دىنىدىن يېنىپ، ئېيسا ئەلەيھىسسالام بار يەرنى بىلدۈرۈپ قويغاندا، ئاللاتائالا خەۋەرگۈچى ئادەمنى ئېيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىتىپ قويدى.

كاپىرلار «مانا ئېيسا» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى، ئۇ «مەن ئېيسا ئەمەس» دەپ ھەر قانچە قىلىپ باقسىمۇ قۇتۇلالمىدى، ئاخىر ئۆلتۈرۈلدى.

ئاللاتائالا ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئاخىر زامان بولغاندا قايتا دۇنياغا كېلىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار!

دۇنيادا دەسلەپكى ئىنسان ئادەم ئاتىدىن پەيغەمبىرىمىزگە قەدەر مىڭلارچە پەيغەمبەر كەلگەنىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان 28 پەيغەمبەرنى تونۇشتۇردۇق، بۇلار ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلىغان، ياخشىلىقنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگەتكەن. لېكىن بۇ رىسالىدا ئوقۇغىنىڭىزدەك كۆپ پەيغەمبەرلەرگە قەۋملىرى ئىشەنمىگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن. ئازغان ئىنسانلار زەكەرىيا ۋە يەھيا پەيغەمبەرلەرنى شەھىد قىلىشقان، ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان بۇلاردىن 500 يىل كېيىن ئالىملار ۋە كاھىنلار يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەلققە بىلدۈرگەن، بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

(تۈركچىدىن ھۆرنىسا تۇردى تەرجىمىسى)

# تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

كۆپ چاغلاردا، بەزى ئادەملەر بىرەر ئىشتا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ نام چىقىرىشقا باشلىغان ھامان ئۇنىڭ ئۈستىدە پىتنە- ئىغۋا، تىل- ھاقارەت، تاپا- تەنىلەرمۇ تەڭلا باشلىنىدۇ. ئەقىللىق، تەجرىبىلىك ئادەملەر بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەچكە، قىلچە ھودۇقۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قەدىمىنى تېخىمۇ دادىل بېسىپ، ئالغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ.

× ×

باشتىن ئۆتكەن ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنى، قايغۇ - ھەسرەتلىك خاتىرىلەرنى ئەسلەپ تۇرغانىنىڭ زىيىنى يوق. ئۇ، سىزنى جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ساددىلىق، يۈزەكىلىكتىن ساقلايدۇ، شۇنداقلا سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن ئازابلانماسلىق، قايغۇ ھەسرەتكە قالماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

× ×

ئادەمدە غورۇر بولۇشى كېرەك، غورۇر ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر- قىممىتىنى، شان - شۆھرىتىنى، نام- ئابرويىنى قوغداشتا غايەت زور ئىلھام، تۈگىمەس- پۈتمەس كۈچ- قۇۋۋەت بولىدۇ.

× ×

ھارغان، قورسىقى ئاچقان كىشىگە قۇرۇق گەپ خوشياقمىغاندەك، بىرەر بەختسىزلىك ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان كىشىلەرگىمۇ تاپا- تەنە ۋە يوغانچىلىق بىلەن قىلىنغان پەندى- نەسىھەتلەر خوشياقمايدۇ. ئۇلار پەقەت چوڭقۇر ھېسسىداشلىققا، مېھرى- مۇھەببەت، سەممىيەت بىلەن تولغان كۆزلەرگە، ئىلھام بەخش، يېقىملىق سۆزلەرگە تەشنا.

× ×

ھەسەن - ھۈسەن ھەقىقەتەن چىرايلىق، ئۇ كۆكتە پەيدا بولۇش بىلەنلا ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋېتىدۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا غايىپ بولىدۇ.

× ×

ئادەم ياشاش ئۈچۈن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى مۇرەككەپ جەڭ، ئۇنىڭدا غەلىبىمۇ، مەغلۇبىيەتمۇ، ئۆلۈممۇ، كۆرۈممۇ بولىدۇ. شۇڭا ياشىغاندىمۇ تۈزۈك ياشاش كېرەك، ئۆلۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ تۈزۈك ئۆلۈش كېرەك!

**ئەخەت ھاشىم**

### تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

△ ھايات يولىنى ھەر كىم ئۆزى تاللايدۇ. ئوخشاش بىر جەمئىيەت، ئوخشاش بىر ئائىلىدىكى ئادەملەرنىڭ تاللىۋالغان يولى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ.

△ مۇھەببەتتە ھېسسىيات تۈۋرۈك. يۈكسەك مەقسەت، ئەقىدە بولمىسا، ئۇ تېزلا كۆڭۈل ئوردىسىدىن ساقىت بولۇپ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

△ ئىنسان تۇرمۇشتا ئۈمىدلىك ياشىشى كېرەك. ئۈمىدسىز ئۆتكەن كۈن گويا گۆردە تىرىك ياتقان بىلەن باراۋەر . . .

△ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئازاب — تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك!





# ئۆلۈمنى تونۇپ جەننەتنى كۆرۈش

(چۆچەك)

زامانى ئاۋۋالدا، زالىملار ئەتىۋار، ئادالەتپەرۋەرلەر خار، ھەسەتخورلار مەنسەپدار، ئاق كۆڭۈللەر زار بولغان، پارىخورلار بېيىپ، سادافەتمەنلەر نامراتلاشقان، بىلىمسىزلەر يۈز تاپقان، ئىلىم ئەھلى خارلانغان، گۈلنىڭ ئورنىنى تىكەن، بۇلبۇلنىڭ ئورنىنى زاغ ئالغان بىر مەملىكەت بولغانىكەن. بۇ ئەلنىڭ شاھى ئاھايىتى دۆت ۋە كالۋا ئىكەن، قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. بۇ شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تولىمۇ ئادىل بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى دانىشمەن ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، شاھقا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ ئۆز پۇشتىدىن تاجغان ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن غەمگە چۆمۈپتۇ. ئوردىدىكى پىتنەخورلار ۋە خائىنلار شاھلىق تاماسىدا چاپاندەك

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن

قوتراپتۇ. ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپتۇ. سول قول ۋەزىر، دىۋان بېگى قاتارلىقلار شاھلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ زور توسالغۇ ئوڭ قول ۋەزىر دەپ قاراپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش نىيىتىدە ئاساسسىز بۆھتانلارنى چاپلاپ شاھقا چېقىپتۇ. شاھ غەزەپكە كېپتۇ. بىراق، ئوڭ قول ۋەزىرگە ئاشكارا قول سېلىشنى ئەپ كۆرمەپتۇ - دە:

— ئۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان، نام - نىشانسىزلا يوقىلىدىغان بىر ئەپلىك چارە تېپىڭلار، — دەپتۇ.

پىتنىخورلار شۇ كېچىدە سول قول ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە توپلىنىپتۇ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دىۋان بېگىنىڭ تەدبىرى ھەممىگە ماقۇل كېپتۇ.

— شەھەردىن ئاتلىق ماڭغاندا تۆت كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان بىر تاغ بار. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ باغ بار. بۇ كۆھقاپنىڭ دىۋىلىرىگە تەئەللۇق باغ. بۇ باغدىن ئادەم بالىسىنىڭ بىرەر تال مېۋە ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوڭ قول ۋەزىرنى شاھ شۇ باغقا ھەر خىل مېۋىلەردىن ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتسە، ئۇ دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلمىگەندىمۇ، باشقا ئىككى خەۋپ تۈپەيلى ئۆلىدۇ، — دەپتۇ دىۋان بېگى.

— ئىككى خەۋپ نېمىلەركەن؟ — دەپ سوراپتۇ باشقىلار.

— شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يول يىراقتا بىر بۇلاق بار. دىۋىلەر بۇ بۇلاققا زەھەر تۆككەن. بۇ يولدىن ماڭغان ھەر قانداق يولۇچى بۇ يەرگە چۈشمەي، بۇلاق سۈيىدىن ئىچمەي ماڭالمايدۇ. بۇلاق سۈيىنى ئىچمەي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھېلىقى باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت بار. بۇ ئىتلار دىۋە نەسلىدىن، ئۇلار كۈچتۈڭگۈر ۋە غالجىر، ھەر قانداق پەھلىۋانمۇ بۇ ئىتلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ دىۋان بېگى.

ئۇلار بۇ ئاجايىپ تەدبىرنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئوڭ قول ۋەزىرگە:

— سەن ماڭا ئادەمنى ياشارتىدىغان ۋە ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان مېۋە تېپىپ كەل! — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە قايتىپتۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. خوتۇنى ئەھۋال سورىغانىكەن، شاھ تاپشۇرغان ئىشنى ئورۇنداشنىڭ يولىنى تاپالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— سىلىنى ئۇلار دىۋىلەرنىڭ قولى بىلەن يوقاتماقنى كۆزلەپتۇ، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، — شاھ دېگەن مېۋىلەر دىۋىلەرنىڭ بېغىدا بار. بۇ باغدا جاھاندا بارلىكى مېۋىلەرنىڭ بارىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ باغدىكى ئاق ئەنجۈر ئادەمنى ياشارتىدۇ، سېرىق نەشپۈت ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. قارا ئەنجۈرنى يېگەن ئادەم مۈڭگۈزلۈك ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. كۆك نەشپۈتنى يېسە ئەسلىگە كېلىدۇ. سىلە شەھەردىن چىقىپ كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ تۆت كۈن ئاتلىق ماڭسىلا. ئاندىن دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا — خاسىيەتلىك مېۋىلىك باغقا بارىلا. ئۇيەردىن چىقىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن سۇسىز، گىياھسىز چۆلدىكى بىر بۇلاق بويىغا يېتىپ بارىلا. بۇلاق سۈيى زەھەرلەنگەن، ھەرگىز ئىچمىسىلە، ئاتنىمۇ سۇغارمىسىلا. يەنە يېرىم كۈن ماڭغاندا بىر كىچىك دەريا بويىغا بارىلا. مانا مۇشۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرۇپ، ئاتنى سۇغۇرۇپ، ھاردۇق چىقارسىلا. 4 - كۈنى باغقا يېتىپ بارىلا. سىلە دىۋىلەرنىڭ ئۇخلىغان پەيتىنى كۈتسىلە. دىۋىلەر ئۇخلايدۇ. ئەمما، باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت

ئۇخلىمايدۇ. ئۇلارغا تۇيدۇرماي بىردىن قوي كاللىسى تاشلاپ بېرىلا. ئىتلار كاللىنى ھاجاپ قاۋىمايدۇ، سىلىگە تەگمەيدۇ. سىلە سۆڭگۈچتىن كىرىپ، باشقا ھەر قانداق مېۋىگە تەگمەي، ئاق ئەنجۈردىن تۆتنى، سېرىق نەشپۈتتىن تۆتنىلا ئالىلا. كۆپ ئېلىش خەتەرلىك. ئەنجۈر، نەشپۈتنى ئېلىپلا باغدىن قايتىپ چىقىپ يولغا راۋان بولىلا. يولدا ئەنجۈردىن بىرنى، نەشپۈتتىن بىرنى يەيلا، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسىمايلا، قورساقمۇ ئاچمايدۇ. ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمىسىلا، بولمىسا رەقىبلىرى تەنتەنە قىلىدۇ. دوستلىرى ماتەمدە قالىدۇ. بۇ جەرياندا مەنمۇ ھەمدەم بولارمەنمۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ ئىشىغا بەندە كار قىلالماي قالسا، ئۇششاق بالىلىرىمىزغا مۈشكۈل بولىدۇ...

ئوڭ قول ۋەزىر بىر چوڭ خورجۇننىڭ بىر كۆزىگە تۆت قوينىڭ كاللىسىنى، يەنە بىر كۆزىگە ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلاپ يولغا چىقىپتۇ. دېگەندەك، توپتوغرا ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن گىياھسىز، سۇسىز چۆلگە چىقىپتۇ. ھاۋا بەك قىزىپ، ۋەزىرنى تەشنالىق قىيناپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆزىگە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىر زور ئۈمىد بىلەن شۇ دەرەخ تەۋەگە بېرىپتۇ. بۇ چىنارنىڭ تۈۋىدە سۈپسۈزۈك سۈيى ۋىلىقلاپ كۆلگەندەك توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان بۇلاق بار ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىق ئازابىدا بېشى ئايلانغان ۋەزىر خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپتۇ- دە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى چىنارغا باغلاپ بولۇپ، قولىغا بىر ئوچۇم سۇ ئاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، ۋەزىرنىڭ قولىغا قانىتى بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇ «ۋاي! ...» دەپ قولىنى تارقاتقانىكەن، ئوچۇمىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتا سۇ ئالماقچى بولغانىكەن، «بۇ سۇنى ئىچمەڭ! ئىچسىڭىز ئۆلىسىز» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتا ئەتراپقا قاراپتۇ، كۆكتىكى كۆك كەپتەردىن باشقا ئۇچار قاناتمۇ، ئادەممۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدىلا ۋەزىر ئاشۇ كۆك كەپتەرنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە، سۇنى ئىچمەي يولغا راۋان بوپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر 4 - كۈنى يېرىم كېچىدە كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپتۇ. ئۇ خورجۇندىكى قوي كاللىرىنى باغنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن سۆڭگۈچتىن باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، باغ ئىچىدە مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەنىكەن. ۋەزىر ئاي شولىسىدىن پايدىلىنىپ ئىزلەپ، ئاق ئەنجۈر ۋە سېرىق نەشپۈتنى تېپىپ تۆتتىنلا ئاپتۇ - دە، باغدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ، بىر ئەنجۈر ۋە بىر نەشپۈتنى شاھقا تەقدىم قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ ۋە ھىيلىگەر ئەمەلدارلار سۇيىقەستلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپتۇ.

ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچىدە چايان قۇترايدىغان مەككارلار باشقا سۇيىقەست پىلانلىشىپتۇ.

— ھازىر ئەلدە ئىسيان تولا، بىز جەڭگە تەييارلانمىساق بولمايدۇ. ئەمما لەشكەرلىرىمىزنىڭ قورال - ياراقلىرى يېتەرسىز، شۇڭا كۆمۈر كۆيدۈرۈپ، پولات - تۆمۈردىن قورال - ياراق ياسىمىساق بولمايدۇ. بىز مانا مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئەلگە ئوتۇن ئالۋىڭى چاچساق يىغىلغان ئوتۇننى ئوڭ قول ۋەزىر شەھەر سىرتىدىكى ئايدالاغا مۇنار شەكلىدە تىزسا، ئۇ ئوتۇن ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئوتۇنغا ئوت يېقىۋەتسەك... — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

شاھ سول قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپ:

— ئەمدى قۇتۇلۇش تەس. بۇ ئەجەل مېنىڭ بېشىمغا بىمەھەل كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ.

— سىلە ئەندىشە قىلمىسىلا، سىلە ئوتۇننى مۇناردەك قىلىپ تىزىۋەرسىلە. قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.

ۋەزىر ئوتۇننى مۇنارغا ئوخشىتىپ تىزدۇرۇۋېرىپتۇ، ئوتۇن تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن شاھ «ئوت يېقىلسۇن!» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلىپتۇ. ياساۋۇللار ئوتۇنغا تەرەپ-تەرەپتىن ياغ چېچىپ ئوت يېقىۋېتىپتۇ. بىردىنلا يەر-جاھاننى ئوت ۋە تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ جەزمەن ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئوردىغا قايتىپتۇ. ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ خوتۇنى سۈمۈرۈغ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ئېرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— سىلە ھازىر ھېلىقى ئاق ئەنجۈردىن بىرنى، سېرىق نەشپۈتتىن بىرنى ئېلىپ، مانا بۇ مەن تەييارلاپ قويغان جەننەتنىڭ ھۆر-پەرىلىرىگىلا خاس لىباسنى كىيىپ، تاجنى تاقاپ، ئوتۇن كۆيدۈرگەن ئايدالادىكى كۈلنىڭ تۆپىسىگە بېرىپ ئولتۇرۇلا. تاڭ ئاتقاندا ناماز ئوقۇيلا. شۇ چاغدا شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار نەق مەيدانغا كېلىدۇ. سىلە ئۇلارنى كۆرمىگەن بولۇپ نامازلىرىنى ئوقۇۋېرىلا. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە: «ئۈچ كۈندىن بۇيان جەننەتتە ئەجەپمۇ راھەت كۆردۈم. مۇشۇ پانىي ئالەمدىكى ھاياتمۇ ھايات بولۇپتىمۇ؟ مەن جەننەتتە كۆرگەن راھەتنى بەلكىم مۇشۇ پانىي ئالەمگە بىر چاغلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلايمان پەيغەمبەرمۇ كۆرمىگەن. ئاللاھ، ئۆزۈڭگە يۈزمىڭ رەھمەت!» دەيلا. دۇئا قىلىپ بولۇپ، يانلىرىغا كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىلا. شۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەرنى مەن ئەھۋالغا قاراپ دىللىرىغا سالىمەن.

ئۇلۇغ قول ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپتۇ. شاھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تاڭ سۈزۈلگەندە كېلىپ كۆرۈپتىكى، ئۇلۇغ قول ۋەزىر بۇ چاققىچە ھېچكىم كۆرمىگەن ئەڭ كاتتا تاج تاقاپ، كاتتا لىباس كىيىپ قىبلىگە قاراپ، جەننەت راھەتلىرىنى بايان قىلىپ، خۇداغا شۈكرى-سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىۋاتقىدەك. ئۇ ياشىرىپ كەتكەنمىش، چىرايىدىن پەرىشتىدەك نۇر يېغىپ تۇرغىدەك. ئۇلۇغ قول ۋەزىر شاھ قاتارلىقلارنى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ:

— ئەي ئىبارا خۇدايىتائالا، كەرىمىڭ ئۇلۇغ، مېھرىشەپقىتىڭنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيەرنىڭ نازۇنېمەتلىرىگە، راھەت-پاراغەتلىرىگە نائىل قىلدىڭ، — دەپتۇ ۋە: «ھېچ ھالاۋەت تەڭ كېلەلمەس جەننەتتىكى راھەتكە، كۆپ ئىبادەت تەڭ بولالماس ئوتتا كۆيگەن تائەتكە» دېگەن نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «بۇ ئوڭىمىزمۇ؟ چۈشىمىزمۇ؟» دېيىشىپ ھەيرانۇھەس بولۇشۇپتۇ. ئۇلۇغ قول ۋەزىرگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق-چىراي كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپتۇ. شاھ ئۇلۇغ قول ۋەزىرنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ گەپ باشلاپتۇ:

— سىز ئوتۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە مېنىڭ ئالدىراڭغۇ، كەم ئەقىل چاپارمانلىرىم ئوت يېقىۋېتىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. سىزنى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالماي

يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، بۈگۈن ئوت ئۆچكەچكە، جەستىڭىزنىڭ كۆلىنى بولسىمۇ تېپىپ، نامىزىڭىزنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلايلى دېيىشكەندۇق، ئەمما بىز سىزنى ھايات ھالەتتە، بەلكىم ياشارغان ھالدا كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت!— دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىرى.

— خوش، بىز ئاللانىڭ سىزنى بىزبىلەن دىدارلىشىشقا قانداق نېسىپ قىلغانلىقىنىڭ بايانىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — دەپتۇ شاھ.

— ئوتتۇننى تەرتىپ بولۇپ چۈشۈۋېلىشىمغا مۇمكىن بولمىدى.— دەپ سۆز باشلاپتۇ ئوڭ قول ۋەزىرى.— رىسقىم شۇنچىلىك بولسا كېرەك ، دەپ ئاللاھقا سېغىندىم. مەن ئوتتۇن بىلەن بىللە كۆيدۈم، ئەمما جېنىم چىقمىدى، ئوت پەسەيگەن، ئىس - تۈتەكلەر تارقىلىپ بولاي دېگەندە «تۇر ئورنىڭدىن!» دېگەن ھەيۋەتلىك، ئەمما يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام مە ھشەرگاھتا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا پەرىشتىلەر ماڭا قاراپ، ئاللاھتىن ئەمىر كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. بىر چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا كۆلۈپ كېلىپ: «ئەي ئاللانىڭ بەختلىك بەندىسى، سېنىڭ پانى ئالەمدىكى گۇناھلىرىڭ پانى ئالەمنىڭ ئۆزىدە كۆيۈپ تۈگىدى. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ساڭا ئاللاھتىن شاپائەت تىلىدى، ئاللاھ قوبۇل قىلدى. ئاللاتائالاسېنى جەننەتنى زىيارەت قىلسۇن، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تويغىچە يەپ، ھەۋزى كەۋسەردىن قانغىچە ئىچىپ ياشارسۇن، ئاندىن پانى ئالەمگە قايتىپ بارسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئەزرائىل ئارقىلىق ئالمىدىم، ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي، پانى ئالەمدىكى كىشىلەر ياسىغان دوزاقتا كۆيدى، مەن قاچان ئەزرائىلغا ئەمرى قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىچە ئۇياشاۋەرسۇن، دېدى. سەن ھازىر جەننەتكە كىرىپ، بەھۇزۇر سەيلە - تاماشا قىل، مانا بۇ جەننەت لىباسى ۋە تاجىنى ئال» دېدى - دە، غايىپ بولدى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىسام ئالەمدە تەڭداشسىز باغۇئىرەم ،جەننەتۇل ئەبەدىي ماكاندا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا جەننەتنىڭ ھۆرلىرى، ئۇلار ماڭا يول باشلىدى. پانى ئالەمدە مەۋجۇت بولمىغان ئەڭقىممەتلىك ئاجايىپ رەڭگارەڭ لەئلى - ياقۇت، ئالتۇن - گۆھەردىن بىنا قىلىنغان كەڭ، ئاسمانۆپەلەك قەسىرلەردە ئالتۇن كۇرسىلاردا ئولتۇرۇپ گۆھەر دېسە گۆھەر ئەمەس، ياقۇت دېسە ياقۇت ئەمەس، قەسىردىكى ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان. كاتتا شىرەلەرگە تىزىلغان نازۇنېمەتلەردىن قانغىچە يېدىم. بۇلارنى ئادەم قانچە يېسە سىڭىدىكەن، ئازراق يېسىمۇ قورساق تويىدىكەن، ئاچمايدىكەن...

ئوڭ قول ۋەزىر جەننەتنىڭ تەرىپىنى قىلىۋاتقاندا شاھ ۋە ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى ساقال ۋە تونلىرىنى بۇلغاپتۇ. ھەممەيلەن جەننەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ خەلققە ئالۋاڭ سېلىپ، ھېسابسىز ئوتتۇن توپلاپتۇ. شاھ، سول قول ۋەزىرى، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوتتۇننى تىزىپ مۇنار قىلىپتۇ ۋە ئۈستىگە چىقىپ ئوتتۇنغا ئوت ياقتۇرۇپتۇ - دە، كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ. بىچارە پۇقرالار ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ. ئادالەتپەرۋەر ئوڭ قول ۋەزىر شاھ بولۇپتۇ، ئەل ئاۋات، ئاۋام باياشات بولۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ئارۋاغ يېزا يولئارىش مەھەللىسىدىن داۋۇت ئېلى

رەتلىگۈچى: مەخمۇتجان ئىسلام

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

سۇ مەزىسى مۇز،
ئاش مەزىسى تۇز.
قېرى كالا مەردانە بولماس،
ئىمجان پاشا پەرۋانە بولماس.
قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر،
ئازدىن ئۆگەنگەن دانا بولۇر.
نومۇسسىزدىن هايا تىلىمە،
زالىمدىن ۋاپا (تىلىمە).
يۇلغۇن چۆلدە ئايىنىيدۇ،
بېلىق كۆلدە (ئايىنىيدۇ).
تىلدا هاياسىز،
ئەلدە ئېتىبارسىز.
ئىشىڭ توغرا بولسا پېشانەڭ ئوڭ بولۇر.
ئاچ قورساق تاماق تاللىماس،
قېرى قىز ئەر (تاللىماس).
ئوغرىنى ئىزدەپ تۇت،
سۇنى يۈگۈرۈپ (تۇت).
ئاتاڭنىڭ هۆرمىتىنى قىل،
ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.
قەدرىنى بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ،
شور يەرگە ئۇرۇق سالغىنىڭ.
كۆلەڭگۈدىن قورققان شەپىدىنمۇ قورقىدۇ،
بىنام ئىچىپ جىرىم قوي،
چۆنىكىنى چوڭقۇر ئوي.
قوي باقساڭ يىغىپ باق،
ئىنەك باقساڭ سېغىپ (باق).
تونۇردا بىر نان پىشقىچە،
ناۋاي ئون پىشىدۇ.
بالا غەم يېگۈچە، ئاتا - ئانا ئەلەم يەر.
مېهنەتتە ئالدىدا تۇرغان مىنەتتىن قاچىدۇ.
ئۆيۈڭگە قاراپ بورا قىل،
كۆچىتىڭگە قاراپ نورا (قىل).
كىگىزچى يۇڭغا قارايدۇ،
باغۋەن سۆڭگۈچكە (قارايدۇ).
كۆچەت پوستى بىلەن ياشار،
هەركىم دوستى بىلەن (ياشار).
هاۋايى هەۋەسنىڭ بېشى كۆل، ئايىغى چۆل.
مىس - مىس ئېشەكتىن پۇت ياخشى،
ئەقىلسىز كىشىدىن بۇت (ياخشى).
يالغان گەپ ئۆزىدىن مەلۇم،
يالغان كۈلكە كۆزىدىن (مەلۇم).
تىرىشقانغا ۋاقىت يەتمەس،
قىلغان ئەجرى بىكار كەتمەس.
ئەقىلسىز باش - جانسىز تەندۇر.
سۇ باشتا، نان ئاياغدا.
نەپسى يامان يەپ تويماس،
ئاغزى يامان دەپ (تويماس).
قورسىقى تويسىمۇ، ئاچ كۆزى تويماس.
يۈزۈڭ قارا بولسىمۇ، دىلىڭ قارا بولمىسۇن.
هۆكۈم سۈرسە نادانلىق، داناغا يوق ئامانلىق.
مالسىزلىقتىن، ئاڭسىزلىق يامان.
تول بولساڭمۇ، قول بولما.
قەدىم جايدىن ئايرىلما، چەت بولسىمۇ،
قەدىناستىن ئايرىلما سەت بولسىمۇ.
ئاتاكەسپىنى خار قىلما،
ۋىجدانسىزنى يار (قىلما)
قامىلىشار دەپ دورىما، توق قورساققا زورلىما.
دۆلەتمەن بولساڭمۇ، سۆلەتمەن بولما.
ياقىڭغا چىقساڭ، ياقاڭ يىرتىلۇر.
بولسا، كىشى كۆرەلمەس،
كۆڭلى خۇشال يۈرەلمەس.
ئاكامنىڭ دەرمەن، يەڭگەم بەرسە يەرمەن.

ئۇرۇقنى تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر.

سەن ئوغرى بولغان كېچىسى ئايدىڭ بولۇپتۇ.

ئومىچى ئومىچىنى كۆرسە، ئوغىقىنى يىلىگىگە قىستۇرار.

ئىشىڭغا قاراپ ئىشتىيىنى بىل،
سۆزىگە قاراپ نىيىتىنى بىل.

دوستۇڭغا قاپاق تۈرسەڭ، دۈشمىنىڭگە مۈشتۇم تۈگ.

ئۇيقىسىز يەر ئىلغىماس، ئاچقورساق تاماق.

ياش چېغىڭدا ئايالىڭ بولغان، قېرىغاندا ھەمراھىڭ بولۇر،

چىشلىگەندىن سۆز ئال، ئورغاندىن ئۈچ.

ئەسكىدىن يول سورىما، بېخىلدىن پۇل.

ئىشىڭدىن بۇرۇن ئېشىڭنى ئويلا.

ئىشلىسەڭ پۈتەر، ئىشلىمىسەڭ ئۆتەر.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھورۇننىڭ جېنى (تاتلىق).

چۈشۈڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولىسەن،
ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ روناق تاپىسەن.

چېۋەرنىڭ قولى ئالتۇن،
دانىشمەننىڭ سۆزى ئالتۇن.

تونۇيدىغان كۆز بولسا، يىلقىدا تۇلپار كۆپ.

كۆكتە قانات قاققاننىڭ ھەممىسى شۇڭقار بولماس.

مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى پۈتۈن،
ئاتىسى ياخشى ئۆينىڭ نېنى (پۈتۈن).

ياماننىڭ كاساپىتى تېگىدۇ،
ياخشىنىڭ شاپائىتى.

ياماننىڭ قوينىدا ياتقىچە،
ياخشىنىڭ ئايىغىدا ئۆل،

ياخشى يېرىگىنى دوستۇڭ كۆرەر،
يامان يېرىگىنى دۈشمىنىڭ (كۆرەر).

كىمكى بولمىسا ھورۇن،
بولۇر باي ئەلدىن بۇرۇن.

بالىلىقنىڭ باغرى ياش، بالىسىزنىڭ باغرى تاش.

باينىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنى بىر تەپ،
كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنى مىڭ (تەپ).

يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

ۋارقىرىغاننىڭ تاۋى بوش.

نەپسى يامان خامغا ئامراق
ئۆي چوڭىنىڭ ئىشى چوڭ.

پۇلى يوق قىممەت ئالار.

موزدۇز بېخىردىن قورقىدۇ،
سودىگەر نېسىدىن (قورقىدۇ).

ئىككى ئامراقنىڭ بىر ئىشى بار.

دىلى بىرنىڭ يولى بىر.

ئالدىرىغاننى گەپكە تۇتما.

قېتىۋالغانغا قامچا ئۆتمەپتۇ.

قاسساپنىڭ قولى مىڭ.

تۈزلەڭدە تاغ يوق، ھورۇندا باغ يوق،

يالغانچى تۆرگە بىر چىقار.

ياخشىنىڭ گېپى جەننەت، ياماننىڭ گېپى مىننەت.

ئەگرى ئازار، توغرا ئۇزار.

ئادەمنىڭ توغرىسى ياخشى،
ئوغاقنىڭ ئەگرىسى ياخشى.

ئەخمەق ئايىنماس، ئوغرى بېيىماس.

مۇھەببەت چىراي تاللىماس.
ئۇيقۇ كەلسە ياستۇق تاللىماس.

ئۆچكىنىڭ مويى تۈگمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى تۈگمەس.

جىگدە، ياڭاقنىڭ پوستى بار،
ھەممە ئىشنىڭ ئۇستىسى بار.

ئالىم بولساڭ ئەلەم سېنىڭكى.

يىڭنە قاياققا ماڭسا يىپمۇ شۇياققا ماڭار.

ياغاچنى رەندە تۈزەر، ئادەمنى تەربىيە تۈزەر.

ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن،
چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن.

يامان بىلەن يولداش بولما،
نادان بىلەن سىرداش بولما.

---

توپلىغۇچى: ساتتار توختى

ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى

